# شەرقى تۈركىستان ئاۋازى










TÜRKİSTAN
GENÇLİK



# مۇندەرىجە


قۇتۇلۇش نۇۋىتى شەرقى تۇركىستاندا ( باشماقالا ) .......... 3

شەرقى تۇركىستان مىللى مەركىزىنىڭ ب. د. ت غا مۇراجىتى ....

مەملىكىتىمىز ھەققىدە قىسقىچە ساۋات .......... 4

ئىنسان ھەقلىرى باياننامىسىدىكى ھوقوقى ئەھۋالىمىز .......... 10

ختاي ئاساسقانۇنىدىكى ھوقوقى ئەھۋالىمىز .......... 13

شەرقى تۇركىستانىنىڭ ئاساسى مەسىلىلىرى .......... 18

تۇركىيە جۇمھۇرىيىتى دۆلەت مىنىستىرلىگىنىڭ باياناتى .......... 30

ياۋرۇپا ـ ئاسىيا ئىنسان ھەقلىرى جەمىيىتىنىڭ ئاخباراتى .......... 31

ئىنسان ھەقلىرى ۋە مەزلۇملار ئۈچۈن ھەمكارلىق جەمىيىتىنىڭ ئاخباراتى .......... 32

ئىنسان ھەقلىرى ۋە مەزلۇملار ئۈچۈن ھەمكارلىق جەمىيىتىنىڭ ئەنقەرەدىكى ختاي
جۇمھۇرىيىتى باش ئەلچىلىكىگە يوللىغان مەكتۇبى .......... 33

تۇركىيەدىكى ئاممۇۋى تەشكىلاتلارنىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ باش
سېكرېتارىياتىغا يوللىغان باياناتى .......... 35

رېفاھ پارتىيىسى مىللەت ۋەكىلى مەھمەت سىلايىنىڭ تۇركىيە بۈيۈك مىللەت مەجلىسى
باشكانلىقىغا يوللىغان مەكتۇبى .......... 36

رېفاھ پارتىيىسى 1 5 نەپەر مىللەت ۋەكىلىنىڭ تۇركىيە بۈيۈك مىللەت مەجلىسى
باشكانلىقىغا يوللىغان مەكتۇبى .......... 37

تۇركىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىگىنىڭ باياناتى .......... 39

ياۋرۇپا پارلامېنتوسىنىڭ قارارى .......... 43

شەرقى تۇركىستان تارىخى .......... مەھەممەد ئىمىن بۇغرا .......... 45

شەرقى تۇركىستان مىللى مەركىزىنىڭ ئاخباراتلىرى .......... 51

# شەرقى تۈركىستان ئاۋازى

( پەسىللىك ئىلمىي ۋە مەدەنىيەت ژۇرنىلى )

تۈركىيە شەرقى تۈركىستان تەتقىقات مەركىزى تەرىپىدىن چىقىرىلدى

1997 . يىل ـــــ 51 . سان

قۇرغۇچىسى: ئىسا يۈسۈف ئالپتېكىن

ئىمتىياز ساھىبى: مەھمەت رىزا بەكىن

يېزىقچىلىق مۇدىرى: ھامىت گۆكتۈرك

مەسئۇل مۇھەررىر: دوچانت نا . باقى

تەھرىر ھەيئەتلەر:

پروفېسسور دوكتور مەھمەت ساراي

دوكتور مۇھەممەت ياقۇپ بۇغرا

پروفېسسور دوكتور ماھمۇت قاشقارلى

ھامىت گۆكتۈرك، پ . تەكىرتاغلى

دوچانت ئابدۇلھەكىم باقى ئىلتەبىر



تېلېفون : (0212) 5216002

فاكس : (0212) 5348067

ئادرېس: مىللەت جاددەسى كۈچۈك

ساراي ئاپارتمان 34270 ـ 3 ـ 26

يۈسۈپ پاشا . ئاقساراي. ئىستانبۇل



مۇشتىرى ھەققى : 600 مىڭ لىرا

يۇرت تىشى: 30 دوللار (45 مارك)

بانكا ھېساپ : ئاق بانكا ئىستانبۇل

يۈسۈپ پاشا شۆبە DHM 601 ـ 832

ھەسرەت باسما زاۋۇدىدا بېسىلدى.


ماقالىلار قايتۇرۇلمايدۇ. ماقالىلار نىڭ مەسئۇلىيىتى ئاپتورلارغا خاس. ماقالىلارنى كۆچۈرۈپ بېسىش ، ۋە پايدىلىنىش قارشى ئېلىنىدۇ.

مىللى مەركىزىمىز ۋە ژۇرنىلىمىز ئۈچۈن ئىئانە ۋە ماددى ياردەملەرنى

قىزغىن قارشى ئالىمىز. بانكا ھېساپ نومۇرىمىز :

تۈركىيە ۋاقىپلار بانكاسى

ئاقساراي ـ ئىستانبۇل

2043792

# قۇتۇلۇش نۇۋىتى شەرقى تۈركىستاندا

## باشماقالا

1997 - يىلى 2 - ئاينىڭ 4 - كۈنى شەرقى تۈركىستاننىڭ قازاقىستان چېگرىسىغا يېقىن غۇلجا شەھرىدە روزى ھېيت بايرىمى ھارپىسىدا مەيدانغا كەلگەن ۋەقەلەر قىسقا ۋاقىت ئىچىدە پۈتۈن شەرقى تۈركىستاننىڭ ھەممە يېرىگە كېڭىيىپ «مىللى تىركىشىش » كە ئايلاندى.

يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە ھەممە كىشى ئېزىشكە، زۇلۇمغا ۋە ئۆلۈم جازالىرىغا قارشى ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن مەيدانغا كۆكرەك كېرىپ چىققان ھارپا كۈنى ئوق ئاۋازى ئاڭلاندى. بىگۇنا خەلقنىڭ ئىنسانى ئارزۇلىرىنى باستۇرۇش پىلانلانغان ئىدى. ئەمما شەرقى تۈركىستان خەلقى تومۇرلىرىدىكى ئېسىل قان ۋە قەلبىدىكى پاك ئىمانىنىڭ كۈچى بىلەن تۆت تەرىپىنى قورشاپ تۇرغان جاللاتلارغا شۇنداق جاكارلىدى :

« ئۆز توپراقلىرىمىزدا، ئۆز بايراقلىرىمىز ئاستىدا، ئېتىقادىمىز، مەدەنىيىتىمىز بىلەن ئەركىن ۋە ئىنسانەدەك ياشاشنى ئارزۇلايمىز . »

مىللى تىركىشىش داۋاملاشماقتا. ھەقلىرىمىزنى ئالغانغا قەدەر داۋاملىشىدۇ. ئۈچ ئايدىن بېرى خەۋىرىنى ئالالمىغان ئابدۇخېلىل موللاخۇننىڭ ختاي مەخپى ساقچىلىرىغا سۆزلىگىنىدەك : « ختايلار قانچە ۋەھشىلەشكەنسىرى، بىزنىڭ قارشىلىقىمىز شۇنچە كۈچىيىدۇ » .

بۇ سان ژورنىلىمىزدا : ئانا ۋەتىنىمىزدە باشلانغان ۋەقەلەردىن كېيىن ھۆر دۇنيادىكى شەرقى تۈركىستان تەشكىلاتلىرىنىڭ بىرلىگىنى ئىپادىلىگەن « شەرقى تۈركىستان مىللى مەركىزى » نىڭ تەييارلىغان ۋە مۇناسىۋەتلىك دۇنيا تەشكىلاتلىرى ھەمدە شەخسلەرگە تارقاتقان « مىللى دوكلاد » نىڭ كىرىش سۆز قىسمىنى سىلەرگە سۇندۇق.

بۇگۈن خەلقىمىزنىڭ ماددى ۋە مەنىۋى ياردەملەرگە ھەرقانداق ۋاقىتتىكىدىنمۇ بەك جىددى ئېھتىياجى بار. 30 مىليون مۇسۇلمان تۈرك شەرقى تۈركىستان خەلقىنىڭ پەريادىغا قۇلاق سېلىڭلار! ئۇلار ئۈچۈن دۇئا قىلىڭلار !

# شەرقى تۈركىستان مىللى مەركىزى

# دوكلادى

### شەرقى تۈركىستان مىللى مەركىزىنىڭ ھۆر دۇنيا دۆلەتلىرىگە، بىرلەشكەن

### مىللەتلەر تەشكىلاتىغا ۋە خەلقارا تەشكىلاتلارغا چىقارغان مۇراجىتى

### 1997 - يىل 4 - ئاينىڭ 1 - كۈنى

مەملىكىتىمىز ھەققىدە ئۇمۇمى ساۋات

ئىنسان ھەقلىرى باياناممىسىدىكى ھوقوقى ئەھۋالىمىز

خىتاينىڭ ئاساسىي قانۇنىدىكى ھوقوقى ئەھۋالىمىز

شەرقى تۈركىستانىڭ ئاساسلىق مەسىلىلىرى

خاتىرىلەر، يازما دەلىللەر، رەسىم - خەرىتىلەر

فىلىم دەلىللەر، تەلەپلەر

## مەملىكىتىمىز ھەققىدە ئۇمۇمى ساۋات

بىز يەر يۈزىنىڭ جەھەننەمىدىن ھۆر دۇنياغا ئىلتىجا قىلغان ئىنسانلار، بىز تەرك ئەتكەن ۋە قۇتۇلۇشى ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقان ۋەتىنىمىز شەرقى تۈركىستان بۈگۈن 1949 - يىلدىن بېرى خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئىشغالىيىتى ۋە ئىستىلاسى ئاستىدا تۇرىۋاتىدۇ.

خىتاي ھۆكۈمرانلىرى تەرىپىدىن دۆلىتىمىزنىڭ تارىخى، جۇغراپىيىۋى ۋە مىللى ئىسمى 1884 - يىلى 18 - نويابىر «يېڭىدىن قوشۇۋېلىنغان تۇپراق» مەناسىدىكى شىنجياڭ غا ئۆزگەرتىلدى ۋە «شىنجياڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى» ئىسمىدا بۈگۈنكى ھۆكۈمرانلىق

ئورنى ئورنۇتۇلدى.

تارىختىن بېرى ئەڭ بۈيۈك مەدەنىيەت مەركەزلىرىدىن بىرىنى تەشكىل قىلغان شەرقى تۈركىستان ختاي، ھىندىستان، ئىران، تۈرك ۋە يونان مەدەنىيەتلىرى ئارىسىدا كۆۋرۈكلۈك رولىنى ئويناپ، يىپەك يولىنىڭ مەركىزى نۇقتىسىنى شەكىللەندۈردى.

1 ـ ئەسىردە ۋە ھەتتا مىلادىدىن ئەۋەلقى يىللاردا ئوتتۇراشەرق ۋە غەربى ئاسىيانى ئىستىلا قىلىش نىيىتىدە ھەركەتلەنگەن ختاي ئەسكەرلىرىنىڭ بۇ قارا نىيەتلىرىنى توسۇش ئارقىلىق ئاسىيانى ۋە شەرقى ياۋروپانى ختايلىشىش خەۋپىدىن ساقلىغان، ئىنسانلارنىڭ « شەرقتىكى قوغدىغۇچىسى » رولىنى ئوينىغان شەرقى تۈركىستان خەلقى ھەرزامان « سېرىق تەھلىكە » نىڭ ئالدىنى سىپىلدەك توسۇپ كەلدى. شۇڭا ھېچبىر زامان ختاي زىمىنى بولمىغان شەرقى تۈركىستان بۇ نۇقتىدىن ئاتوم قۇراللىرى بىلەن قۇراللانغان يۈز مىليونلارچە ختايلارنىڭ كەلگۈسى ئىستىلاسى ۋە تەھدىدى ئۈچۈن چىقىش ئىشىگى بولۇش سەۋەبىدىن دۇنيا ستىراتېگىيىسى نۇقتىسىدىن بەك مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بىر دۆلەتتۇر.

ئەپسۇسكى ختايلارنىڭ ستىراتېگىيىلىك سانائەت مەركىزىنىڭ بۇ رايۇندا قۇرۇلۇشى نىشانلىنىۋاتىدۇ. ئۇندىن باشقا دۆلىتىمىزنىڭ شەرقى جەنۇبىدىكى لوپنۇر رايونىدا « ئاتوم تەتقىقات مەركىزى » ۋە « ئاتوم سىناق مەيدانى » پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ.

ئىقتىسادى تەرەپتىن بەكمۇ باي بولغان شەرقى تۈركىستاندا بۈگۈنگىچە 600 دىن ئارتۇق يەردە قىممەتلىك مەدەن بايلىقلىرى بار بولۇپ، ئالتۇن، نېفت، كۆمۈر، كۈمۈش، تەبئى گاز، تۇز، تۆمۈر، سۈنئى ھەمرا تېخنىكىسىدا ئىشلىتىلىدىغان مەنبەسى مول ۋە سۈپەتلىك ئوران، ۋولفرام قاتارلىق ختايدا بار بولغان 148 خىل مەدەننىڭ 118 تۈرى شەرقى تۈركىستاندىن چىقىدۇ. بۇ رايوندىكى نېفت مەيدانىنىڭ يۈز ئۆلچىمى ئەنگلىيە ۋە فىرانسىيەنىڭ يۈز ئۆلچىمىدىن ئارتۇق بولۇپ، پەقەت جەنۇپتىكى تارىم ئويمانلىقىنىڭ نېفت زاپىسى 50 مىليارد توننا ئىكەنلىگى شۆبىتسارىيە ئا. گ نېفت شىركىتى تەرىپىدىن ئېلان قىلىنغان. يالغۇز تارىمدىكى نېفت ئىشلەپچىقىرىشغا 17 دۆلەتتىن 68 شىركەتنىڭ سەرمايە سېلىپ قاتنىششى بۇ رايۇننىڭ بايلىقىنىڭ ئېنىق بىر ئىشارىتىدۇر. فىرانسۇزلار شەرقى تۈركىستاندىكى ئوران زاپىسىنىڭ 12 تىرىليون توننا ئىكەنلىگىنى ئېلان قىلغان. بۇ سان قارا دېڭىز مەنبەلىرىدىن كېيىنلا ئىككىنچى زور زاپاسنىڭ شەرقى تۈركىستاندا ئىكەنلىگىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. شۆبىتسارىيە تەتقىقاتچىلىرى شەرقى تۈركىستاندىكى

نېفت گازى زاپسىنىڭ 8 تىرىلليون كۇبمېتىر (تېخنىكا ستىرتت ژۇرنىلىدا بولسا 2.5 تىرىلليون كۇبمېتىر ) دەپ ئېلان قىلىنغان. بۇ سان ئامېرىكىنىڭ بارلىق زاپىسىدىن ئىككى ھەسسە كۆپ بولۇپ، خىتايلارنىڭ 300 يىل بىمالال ئىشلىتىشىگە يېتىدىغانلىقى ئېلان قىلىنغان.

غەرپلىكلەر تەرىپىدىن « ئاسىيانىڭ يۈرىكى » دەپ باھا بېرىلگەن بۇ زېمىن تارىخى قارا نىيەتلىك خىتايلارنىڭ 1760 - يىلىدىن ئېتىۋارەن خىتاي - مانجۇ ئىمپېراتورلۇقى تەرىپىدىن ئىككى قېتىم، كېيىن مىللەتچى خىتايلار تەرىپىدىن ۋە ئاخىرىدا قىزىل خىتايلار تەرىپىدىن ئىستىلا قىلىنىشقا ئۇچرىدى. ھەر قېتىمقى ئىستىلا ، سانسىز كۆرەشلەر ۋە قۇربانلار نەتىجىسىدە ئىستىقلال بىلەن ئاياقلاشتى. پەقەت قولغا كەلگەن مۇستەقىللىق ۋە قۇرۇلغان جۇمھۇرىيەتلەر ھۆردۇنيا دۆلەتلىرىنىڭ ھىمايىسىزلىقى، پەرۋاسىزلىقى ۋە كارى بولماسلىقى ھەمدە موسكۋانىڭ ھەر قېتىمدا خىتاي قوشۇنىغا ئەسكىرى ۋە تېخنىك ياردەم بېرىشى نەتىجىسىدە ئۇزۇن ۋاقت داۋام قىلالمىدى.

1949 - يىلى 13 - ئۆكتەبىردە كوممۇنىست خىتاي ئىستىلاسى شەرقى تۈركىستان ئۈچۈن ئاخىرى توختىمىغان قانلىق فاجىئەلەرنىڭ باشلىنىشى بولۇپ قالدى. تارىخنىڭ ئەڭ غالجىر قورقۇنچ ھەرىكەتلىرى، ئىمپېرىئالىزىمنىڭ ئەڭ ئېزىتقۇ مانىۋېرلىرى، شوۋىنىزىمنىڭ ئەڭ يىرتقۇچ باستۇرۇشلىرى ئومۇمەن ئىنسانلارغا ئىبرەت ۋە نامۇس بولىدىغان ئەڭ ۋەھشى چارىلەر قوللىنىلىشقا باشلىدى. شەرقى تۈركىستان خەلقىنى ئومۇمىيۈزلۈك يوق قىلىشنى مەقسەت قىلغان ، ئىنسان قېلىپىدىن چىققان بىر قەتلىئام سىياسىتى ئىجرا قىلغان خىتاي ھۆكۈمرانلىرى 1949 - يىلىدىن بۇيان ئۆتكەن 48 يىل ئىچىدە خەلقنى نەپەس ئالالمىغىدەك ھالغا كەلتۈرگەن بىر كونترول، بېسىم ، 124 خىل قىيناش ئۇسۇللىرى ۋە دۆلەت تېرورى بىلەن شەرقى تۈركىستاننى ئالاھىدە بىر « ئەسىر لەر لاگىرى » غا ئايلاندۇردى.

شەرقى تۈركىستان خەلقىنىڭ دىنى، مىللى مەۋجۇتلىقى چەكلەندى. شەرقى تۈركىستانلىق قىزلارنىڭ خىتاي ئەركەكلىرى بىلەن مەجبۇرى ئۆيلىنىشى تەشۋىق قىلىندى. 8 - 10 ياش ئەتراپىدىكى قىزلار ئۆيلىرىدىن ئوغۇرلاپ ئىچكى ئۆلكىلەرگە ئىلىپ بېرىپ سېتىلدى. ئانا قارنىدىكى بوۋاقلار تۇغۇت چەكلىمىسى باھانىسىدا كوللىكتىپ ئوپېراتسىيىدە ئۆلتۈرۈلدى. ئاتوم سىناقلىرىدا ئىنسانلىرىمىز تەجرىبە قىلىندى. قانۇنسىز ئۆلۈم جازالىرىدا ئون مىڭلارچە بىلىم ئادەملىرى، دىن ئۆلىمالىرى ئۆلتۈرۈلدى. ئونمىڭلارچە كىشى بىگۇنا تۇتۇلاندى. مۇنبەت زېمىنلار خەلقىمىزنىڭ قولىدىن

تارتىۋېلىنىپ خەلق ئاچ ۋە سۇسىز تاشلىۋېتىلدى. ئۇندىن باشقا شەرقى تۈركىستان خەلقىنىڭ نوپۇسىنى يوق قىلىش ۋە ئاز سانلىق ھالغا چۈشۈرۈش مەقسىدىدە جىنايەتچىلەر ۋە ئەسكەرلەردىن تەشكىل تاپقان مىليونلارچە خىتاي كۆچمەنلىرىنى رايونىنىڭ مىليون مولۇق مۇنبەت يەرلىرىگە يەرلەشتۈردى. شەھەر، ناھىيەلەرنىڭ ئەتراپى پۈتۈنلەي خىتاي كۆچمەنلىرى يەرلەشكەن يېڭى شەھەر، ناھىيە، يېزىلارنىڭ قورۇلۇشى بىلەن خەلقىمىز قورشاۋ ئىچىدە قالدى. مەسچىد ۋە مەدرىسىلەرنىڭ كۆپچۈلۈگى ئۆرۈلدى، تاقالدى ۋە ياكى ئېغىل، كلۇپ، تىياتىرخانە قىلىپ ئىشلىتىلدى.

بۇندىن تاشقىرى، مائارىپ ساھەسىدە، ئىشلەپچىقىرىش، ساقلىقنى ساقلاش ئىشلىرىدا ئادالەتسىزلىك، باراۋەرسىزلىك ھۆكۈم سۈرمەكتە. جامائەتنىڭ ئەڭ تەبئى ھەققى بولغان «ئىتقاد ۋە ئىبادەت ھۆررىيىتى» دىن، «ئىپادە ۋە يېزىق ئەركىنلىگى» دىن، «ئەنئەنىۋى ھەقلىرى» دىن شەرقى تۈركىستان خەلقى تامامەن مەھرۇم ھالدا ياشىماقتا.

ھەتتا 1955 - يىلى ئېلان قىلىنغان «شىنجياڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى» بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھالدا خىتاي ئاساسقانۇنىدىن باشقا تەييارلانغان «ئاپتونومىيە قانۇنى» دا كۆرسىتىلگەن ۋە بېرىلگەن ھەقلەر پەقەت قەغەز يۈزىدىلا قالغان بولۇپ ئەمەلىيەتتە ھېچقانداق ئىجرا قىلىنمىدى. ئاپتونوم رايون رەئىسىنىڭ (شەرقى تۈركىستانلىق) ئۆز ئالدىغا قارار چىقىرىش ۋە ئىمزا قويۇش ھوقوقى يوق، ھەتتا شەرقى تۈركىستاندا ئاپتونومىيە ئورگىنىنىڭ كوممۇنىستىك پارتىيە ۋە بىيجىڭنىڭ رۇخسەتسىز باشقا بىرەر دۆلەت بىلەن تىجارەت شەرتنامىسى ئىمزالاش ھوقوقىمۇ يوق. پۈتۈنلەي قورچاق ۋە شەكلىۋاز بىر ئورگان ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرماقتا. ھەتتا رايوندا ئاپتونوم ئورگاندىن باشقا ئۇنىڭغا ئوخشاش ھوقوققا ئىگە بولغان 7 تۈرلۈك دۆلەت ئورگىنى مەۋجۇتتۇر. ئۇلار ئاپتونوم رايوندىنمۇ كۈچلۈك ئىمتىيازغا ئىگىدۇر. بولۇپمۇ ئىقتىسادى جەھەتتە ئاپتونوم ئورگاندىن سورىمايلا چەتئەللەردىكى شىركەتلەر بىلەن تىجارەت قىلىش ھوقوقىغا ساھىپتۇر. «خىتاي ئاساسقانۇنى ۋە ئاپتونومىيە قانۇنى» دا بېرىلگەن سىياسى، مەدەنى ۋە ئىقتىسادى ھەقلەر پەقەت پارتىيە ئورگانلىرى تەرىپىدىن چەيلەنمەكتە. ھۆكۈمەت ۋە باشقا دۆلەت ئورگانلىرى پۈتۈنلەي خىتاي كوممۇنىست پارتىيىسىنىڭ بىسمى ئاستىدادۇر. قانۇن ۋە قانۇن ئورگانلىرى تامامەن پارتىيەنىڭ كونتروللىقىدادۇر. پۈتۈن يولىيورۇقلار خىتاي كوممۇنىست پارتىيىسى تەرىپىدىن قارار قىلىنماقتا. يېقىندا قولىمىزغا چۈشكەن خىتاي مەركىزى كومىتېت 7 - نومۇرلۇق مەخپى ھۆججىتى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ دىموكراتىيەگە بولغان كۆز قارىشىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويىدى.

خىلاپلىقلارنىڭ كۆپچىلىگىنىڭ بىسىم قانۇنلىرى ۋە رەسمىي سىياسەتتىن مەنبەئەلەنگەنلىگى دۇنيا ئىنسان ھەقلىرى تەشكىلاتلىرى تەرىپىدىن تەكشۈرۈلگەن.

خەلقارا مەجبۇرىيەتلەر، كىلىشىملەر، ئىنسان ھەقلىرى ئومۇمىي باياننامىسى ۋە بۇلارغا مۇناسىۋەتلىك خەلقارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى تەرىپىدىن ئېلىنغان قارارلار، ئاگاھلاندۇرۇشلار خىتاي ھۆكۈمىتى ئۈچۈن ھېچبىر رول ئوينىمىدى. ئىنسان ھەقلىرى ۋە ئومۇمىي ھوقوق ئوچۇق ھالدا ۋە ۋەھشىلەرچە دەپسەندە قىلىنماقتا. ھەر تۈرلۈك قارشىلىقلار، تۈزۈم قارشىسىدىكى ھەرىكەتلەر ۋە پۈتۈن جەمىيەت مەسىلىلىرى ئىنساپسىزلارچە ھەمدە شىددەت بىلەن باستۇرۇلماقتا. مەركىزى ئەنگلىيەدىكى «ئامىنىستى ئىنتىرناتسونال» نىڭ دوكلادىدا شەرقى تۈركىستاندا ئىنسانلارنىڭ قانۇنسىز قولغا ئېلىنىۋاتقانلىقى، سىياسى جىنايەتچىلەرنىڭ خەلقارا ئادالەت ئۆلچەملىرىدىن كۆپ يىراقتا بولغان ھۆكۈملەر نەتىجىسىدە ناھايىتى ئۇزۇن ۋاقت تۈرمىگە مەھكۇم قىلىنىدىغانلىقى، بۇلارنىڭ ناھايىتى غەيرى نورمال شەرتلەردە ۋە پۇتلىرىغا كىشەن سېلىپ ئىجرا قىلىنىدىغانلىقى، تاھارەتلىرىنى كامىر ئىچىدىكى ئىدىشقا قىلدىغانلىقى، ھەر يىلى يۈزلەرچە كىشىنىڭ ئېتىپ ئۆلتۈرۈلىدىغانلىقى، ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ يۈرەك، بۆرەك، كۆز قاتارلىق ئەزالىرىنىڭ ستىلىدىغانلىقى قەيت قىلىنغان. شەرقى تۈركىستاندىكى ئۆلۈم جازاسى باشقا دۆلەتلەردىن پەرقلىق بولۇپ، خەلقنى چۆچۈتۈش مەقسىدىدە كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىدا ئويۇن قويغاندەك ئىجرا قىلىنماقتا. بۇ قارار ئېلان قىلىنغاندا، كۆپىنچە سىياسى جىنايەتچىلەرنىڭ گۇناھلىرىنىڭ ئىسپاتلانغانلىق شەرتى تەكشۈرۈلمەيدۇ.

خىتايدا ئىنسان ھەقلىرىگە خىلاپلىق ئىشلىرىنىڭ دەرىجىسىنى ئېنىقلاش مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى خىتاينىڭ زور بىر قىسمى دۇنيادىن يوشۇرۇن تۇتۇلماقتا. ھەربى رايونلار، چەكلەنگەن بۆلگىلەر ۋە يېپىق رايونلار بار. خەلقارا ئىنسان ھەقلىرى تەشكىلاتلىرىنىڭ خىتايدا بولۇپمۇ شەرقى تۈركىستاندا ۋە تىبەتتە تەكشۈرۈش - تەتقىق قىلىشى چەكلەنگەن. دۇنياغا ئىقتىسادى تەرەپتىن يېقىنلاشقان خىتاي ئىنسان ھەقلىرى مەسىلىسى ئوتتۇرىغا قويۇلغاندا خەلقارا ئىش بىرلىگىدىن چەتكە قاچماقتا.

بۈگۈنكى كۈندە، بۇ بۆلگىدىكى پۈتۈن تۈرمىلەر لىقمۇ - لىق تولغان بولۇپ، ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانلىرىدا مىڭلارچە بىگۇنا ئىنسان مەجبۇرى ئىشلىتىلمەكتە. خەلقنى قورقۇتۇش ۋە بېسىش مەقسىدىدە ئەدلىيە ئورگانلىرى ھەر ئايدا دىگىدەك «كوللىكتىپ ھۆكۈم چىقىرىش يىغىنى» ئاچماقتا ۋە ئىشچى، ئوقوغۇچىلارنى مەجبۇرى قاتناشتۇرماقتا. قولغا ئېلىنغانلار پۇت - قوللىرى زەنجىرلەنگەن، سۆزلەپ تاشلىماسلىقى

ئۆچۈن ئاغزى سىم بىلەن باغلانغان ھالدا كەلتۈرۈلمەكتە. ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنى قوغدىشىغىمۇ يول قويماي قارارلار چىقىرىلماقتا. ھازىر 65 مىڭغا يېقىن سىياسى جىنايەتچى تۈرمىلەردە ياتماقتا. بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى تېخى مەھكىمىگە چىقىرىلمىغان. بۇ خىل ئەھۋالدىكى يۈزلەرچە ئادەم 3 ئايدىن 3 يىلغىچە ۋاقىتتىن بېرى قولغا ئېلىنىپ بىسوراق ياتماقتا. سىياسى مەھبۇسلارنىڭ جازا مۇددىتى مەھكىمە ھۆكۈملىرىگىمۇ قارىماستىن تۈرمە ۋە ئۆزگەرتىش مەيدانى مەسئۇللىرىنىڭ خىيالى بويىچە ئۇزارتىلماقتا.

تەكىتلەش توغرا كەلسە، شەرقى تۈركىستان خەلقىنىڭ قىزىل خىتاي ئىشغالىيىتىدە ئۆتكۈزگەن 48 يىلى، ھەر مىنۇتىدا ئازاپ، دەرت، قورقۇنچ، ئاچلىق، مەنىۋى ئاچارچىلىق ئىچىدە ئۆتمەكتە. بولۇپمۇ ئىشغالنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدىلا قانلىق جىنايەتلەر شەرقى تۈركىستاننى گويا كى دوزاقىقا ئايلاندۇرىۋەتكەن.

سەھپىلەرگە سىغمايدىغان، كىشىنىڭ ئاغزى بارمايدىغان زالىملىقلار قارشىسىدا شەرقى تۈركىستان خەلقى دىنى ۋە مىللى مەۋجۇتلىگىنى ئەسلا يوقاتمىدى. ھۆرىيەت ۋە مۇستەقىللىق ئۈچۈن، ئۆز تۇپراقلىرىدا ئۆز بايرىقىنىڭ سايىسىدا ئىنسانەدەك ياشاش ئۈچۈن ھەق - ھوقۇقنى تونىمىغان كوممۇنىست خىتاي ھۆكۈمىتىگە قارشى ئۆزلۈكسىز ھالدا « تىركىشىش ھەرىكىتى » نى داۋاملاشتۇرماقتا.

بۇ دوكلادنى ھازىرلىغانلار - يەريۈزىنىڭ ئەنە شۇ دوزىقىدىن قېچىپ ھۆر دۇنياغا ئىلتىجا قىلغان ئىنسانلارمىز.

بىز تاشلاپ چىققان ۋە قۇتۇلۇشى ئۈچۈن كۆرەش قىلىۋاتقان بۇ بەختسىز دۆلىتىمىزنىڭ تەلەيسىز ئىنسانلىرىنىڭ ھالىدىن سىلەرنى خەۋەردار قىلماق، ئىنسانلارنى دۇنيانىڭ كىلەچىگىگە تەھدىت سىلىۋاتقان « سېرىق ئەجدەرھا » غا قارشى يەنە بىر قېتىم ئاگاھلاندۇرۇش ۋە شەرقى تۈركىستاننىڭ مەسىلىرى ۋە ئىستەكلىرىنى تىلغا ئېلىپ، ئىنسان ھەقلىرىگە، ئەركىنلىككە، مۇستەقىللىققە، دىموگراتسىيەگە ھۆرمەت قىلىدىغان بارلىق دۆلەتلەرنىڭ، خەلقارا تەشكىلاتلارنىڭ دىققىتىنى، ماددى ۋە مەنىۋى قوللىشىنى تەلەپ قىلماق غايىسىدە بۇ ئومۇمى دوكلادنى تەييارلىدۇق.

# ئىنسان ھەقلىرى باياننامىسىدىكى ھوقوقى ئەھۋالىمىز

1948 - يىلى 10 - دېكابىردا قوبۇل قىلىنغان ئىنسان ھەقلىرى باياننامىسىدا ۋە 1945 - يىلى 26 - فېۋرالدىكى بىرلەشكەن مىللەتلەر تەشكىلاتى ئەھدىنامىسىنىڭ كىرىش سۆز قىسمىدا : « شەخسنىڭ قەدرى - قىممىتىگە بولغان ئېتىقادىغا ھۆرمەت قىلىنىشى كېرەك » دېيىلگەن ۋە : « مىللەتلەر ئارىسىدا مىللەتلەرنىڭ ھەق ۋە باراۋەر ئىكەنلىكى » ، « ھېچ بىر كىشىنىڭ ئىسكەنجىگە ، غەيرى ئىنسانى ياكى ئىززىتىنى تۆكىدىغان مۇئامىلىگە ئۇچرىماسلىقى » تەكىتلەنگەن بولسىمۇ ، شەرقى تۈركىستان خەلقى ئىككىنچى سىنىپ مۇئامىلىسىگە دۇچ كەلمەكتە ۋە ئۇزۇندىن بېرى خىتاي مۇستەملىكىسى بولۇپ، غەيرى ئىنسانى ۋە ئىززىتى يوق قىلىنغان مۇئامىلىلەرگە ئۇچرىماقتا.

باياننامىنىڭ 4 - ماددىسىدا : « ھېچ بىر كىشى زورلۇق بىلەن ئىشلىتىلمەس ۋە مەجبۇرى ئەمگەككە سېلىنماس » دېيىلگەن بولسىمۇ ، شەرقى تۈركىستاندا تۈرلۈك گۇنا ۋە تۆھمەتلەر بىلەن ئون مىڭلارچە ئىنسان « كوممۇنا » دېگەن مەجبۇرى ئەمگەك لاگېرىدا زورلۇق بىلەن ئىشلىتىلمەكتە.

باياننامىنىڭ 5 - ماددىسىدا : « ھەر كىشىنىڭ ھۆر بولۇش ۋە بىخەتەر ياشاش ھەققى بار » دېيىلگەن بولسىمۇ ، شەرقى تۈركىستاندىكى 30 مىليون ئىنسان ھەر تۈرلۈك ھۆرىيەتتىن مەھرۇم قىلىندى ۋە تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن بىر ئاسارەت ھاياتىغا مەھكۇم قىلىندى. مەيلى خىتاي گومىنداڭى بولسۇن ، مەيلى قىزىل خىتاي ئىشغالىيىتى دەۋرىدە بولسۇن ، تەسىس قىلىنغان دۆلەت تەھدىدى ۋە تېرۇرى سەۋەبىدىن ھېچكىم بىر سائەت كېيىنكى ھاياتىدىن خاتىرجەم بولالمايدىغان ھالغا كېلىپ قالغان.

باياننامىنىڭ 7 - ماددىسىدا : « ھېچكىم مىللى ۋە خەلقارا ھوقوقىقا بىنائەن گۇناھ ئۆتكۈزمەي تۇرۇپ ياكى گۇمان بىلەن قولغا ئېلىنماس » دېيىلگەن بولسىمۇ ، شەرقى تۈركىستاندا ئىنسانلار ئۆلگەن دادىسىنىڭ ھەتتا ئۈچ ئەۋلات ئەجدادىنىڭ ھايات ۋاقتىدا قىلغان ئىشلىرىنىڭ ھساۋىنى بېرىشكە مەجبۇر قىلىنىدۇۋە ئېغىر جازالارغا تارتىلىدۇ ۋە ھەتتا بالاغەتكە يەتمىگەن باللارمۇ گۇناھلىرى ئۈچۈن ئېغىر جازالارغا ھەتتا ئۆلۈم جازالىرىغا ھۆكۈم قىلىنماقتا.

باياننامىنىڭ 8 - ماددىسىدا : « ھەر شەخس خۇسۇسى ۋە ئائىلە ھاياتىغا ، ئولتۇراقلىشىشقا ۋە ئالاقىلىشىشقا ھۆرمەت قىلىنىش ھەققىگە ساھىپتۇر» دېيىلگەن

بولسىمۇ، شەرقى تۈركىستاندا بۇ ئاساسى ھەقلەر ئاللىقاچان تارتىۋېلىنغان بولۇپ، شەخسىنىڭ ئائىلە ھاياتى ھەردائىم سىياسەت ۋە قانۇنلار ئالدىدا مۇداخىلىگە ئۇچرايدۇ. ئائىلىنىڭ مىللى، ئەخلاقى ۋە جەمىيەتكە ئالاقىدار ھوقوقلىرى يىلتىزىدىن قۇرۇتۇۋېتىلگەن. ھۆكۈمەت تەرىپىدىن كىچىلىرى ئۆيلەرگە بېسىپ كىرىپ مىڭلارچە ئادەم تۇتۇۋېلىندۇ ۋە يىغلاۋاتقان بالىلىرىنىڭ ئالدىدىلا كوللىكتىپ ھالدا تۈرمە ياكى جازا لاگىرلىرىغا ئۇۋەتىلدۇ. ھەرقانداق خىتاي ساقچىسى ۋە ئەسكىرىنىڭ خالىغان ۋاقىت ھەم خالىغان جايدا يەرلىك خەلقنى ئاقتۇرۇش، تۇتۇش، سولاش ھوقوقى بار. شەرقى تۈركىستان خەلقىنىڭ خۇسۇسى بىر ھاياتى مەۋجۇت ئەمەس. ئۇلار كوللىكتىپ ئائىلە سېستىمى ئىچىدە ياشاشقا مەجبۇر. 1997 - يىلى 2 - ئاينىڭ 4 - كۈنىدىن باشلانغان ۋاقەلەر جەريانىدا پەقەت ئىلى ۋىلايىتى تەۋەسىدىلا تۇتۇلغان 1600 دىن ئارتۇق ياشنىڭ نەدە ئىكەنلىگى، ھايات ياكى ھايات ئەمەسلىگى ئېنىق ئەمەس. بۇنداق ئەھۋالغا دۇچ كەلگەن مىڭلارچە كىشىنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى مەلۇم ئەمەس.

باياننامىنىڭ 9 - ماددىسىدا: « ھەر شەخس چۈشەنچە، ۋىجدان ۋە دىن ھۆررىيىتىگە ساھىپتۇر » دېيىلگەن. ئەمما قىزىل خىتاي ھۆكۈمرانلىرى شەرقى تۈركىستاندا ھېلىمۇ يەرلىك خەلقنىڭ چۈشەنچە، ۋىجدانلىرىغا چاڭگال سالماقتا. مۇسۇلمان تۈركلەرنىڭ ئەسىرلەردىن بېرى شەكىللەنگەن مىللى، دىنى ئېتىقادلىرىنى يوق قىلىش، ئۆرف - ئادەتلىرىنى يوق قىلىش يولىدا كۈچ چىقارماقتا.

باياننامىنىڭ 10 - ماددىسىدا: « ھەر كىشىنىڭ ئىپادە ئەركىنلىگىگە ساھىپ ئىكەنلىگى» قوبۇل قىلىنغان بولۇپ، مەدەنى ئىنسان جامائىتىدە ئەھۋال بۇنداق بولسا، خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مۇستەملىكىسى بولغان شەرقى تۈركىستاندا يەرلىك خەلق چۈشەنچىلىرىنى سۆزلىگەنلىگى ۋەيا ۋەتىنىنى سۆيگەنلىگىنى ئىپادە قىلغانلىقى ئۈچۈن «يەرلىك مىللەتچى، ئەكسىلئىنقىلاپچى» تۆھمەتلىرى بىلەن جازالاندۇرۇلماقتا. بۇ سەۋەپتىن قولغا ئېلىنغانلارنىڭ سانى ئون مىڭلارچە ئىكەنلىگى مەلۇم بولماقتا. پەقەت لوپ ناھىيىسىنىڭ تۈرمىسىدىلا بۇ خىل ئەھۋالدىكى يۈزلەرچە كىشى ياتماقتا. ئامناستي ئىنتىرناتسونال 1992 - يىلى نويابىر ئېلان قىلغان دوكلادتا ئۇيغۇرلار، قازاقلار ۋە رايوندىكى باشقا ئېتنىك گۇرۇپلارغا مەنسۇپ بولغان كىشىلەرنىڭ ئاساسى ئىنسان ھەقلىرىنىڭ شىددەتسىز ئىپادە سەۋەبىدىن سوراق قىلىنمايلا قولغا ئېلىنىدىغانلىقى، ئۇزۇن مۇددەتلىك قاماقتا سولىنىدىغانلىقى ۋە بۇلارنىڭ ئاساسەن ۋىجدانەن تۇتۇلغانلىقنى ئېلان قىلغان. تۇتۇلغانلار ئارىسىدا بىر مۆيسىپىت قازاق يازغۇچى ھاجى قۇمار شابدان، بىر ئوتتا

مەكتەپ مۇدىرى مەمتىمىن ، ئۆرۈمچىدە تاكسى ھەيدەيدىغان تۆرت كىشى، تۇرغۇن ئالماس ئىسىملىك يازغۇچى، ئابدۇل مالىك ، ئابدۇقادىرئايۇپ ( 45 ياش ) ، ئابدۇراخمان ئابلىز ( 47 ياش ) ، ئالىمجان قاراجىم ( 60 ياش ) ، ئۆمەرجان مەخسۇم (70 ياش ) ، ئابدۇكېرىم قارى ( 65 ياش ) ، ئابدۇكېرىم ياقۇپ ( 58 ياش ) ، ئۆمەر تۇردى ( 26 ياش ) قاتارلىقلارنىڭ ئىسمى بار. سىياسى سەۋەپتىن تۇتۇلغانلارنىڭ ئىسمى، جايى ھەققىدە ھېچبىر زامان مەلۇمات بېرىلمەيدۇ.

يۇقىرىدىكىدەك سەۋەپلەر بىلەن يېقىندا قانۇنسىز قولغا ئېلىنغان 65 مىڭ كىشىنى قوشقاندا ھازىرغىچە خىتاي تۈرمىلىرىدە 215 مىڭ سىياسى مەھبۇس بارلىقى ئىنىقلانغان. ئاقىۋىتى ئېنىق بولمىغان مىڭلارچە ئىنساننىڭ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغانلىقىدىن ئەندىشە قىلىنماقتا. ئۆلۈم جازاسى ئىنساننىڭ ياشاش ھەققىنىڭ دەپسەندە قىلىنىشىدۇر. قىيىن-قىستاق بولسا ئىنسان قېلىپىدىن چىققان رەھىمسىزلىك ۋە خورلاشنىڭ ئاخىرقى شەكلى. بىرلەشكەن مىللەتلەر تەشكىلاتى ئۆلۈم جازاسىنى دۇنيا بويىچە ئەمەلدىن قالدۇرۇش مەقسىدىنى تەستىقلىغان. دۇنيا بۇ نىشانغا قاراپ كىتىۋاتقاندا خىتاينىڭ ئوتتۇرا ئەسىر ئۇسۇلى، ئىنسانلارنى كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا ئاشكارا ئوققا تۇتۇپ ئۆلتۈرۈشى ئىنسان قېلىپىدىن چىققان ۋەھشى بىر ھەرىكەتتۇر.

شەرقى تۈركىستان تۈركلىرى ھىلمۇ ھەرخىل ئاساسى ھەق ۋە ھوقوقلىرىدىن مەھرۇم ھالدا ياشىماقتا. بۇ ھوقوقى ئەھۋالدا شەرقى تۈركىستان خىتاينىڭ دۆلەت چېگرىسىنىڭ سىرتىدا بولغان ، ئىرق، تىل، دىن ، مىللى ئۆرف - ئادەتلىرى تەرەپتىن خىتاي بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى ياكى يېقىنلىقى بولمىغان ئەمما پۈتۈن مىللى دارامەتلىرى، كىرىم مەنبەلىرى خىتايلار تەرىپىدىن ئىگەللىۋېلىنغان ۋە تارتىۋېلىنغان بىر مۇستەملىكە دۆلەتتۇر.

شەرقى تۈركىستاندىكى مىليونلارچە ئىنساننىڭ ھەققى يەرلىك خىتاي ھۆكۈمرانلىرىنىڭ كالپۇكلىرى ئارىسىدىن چىقىدىغان بىر جۈملە سۆزگە باغلىق. بۇ خىل تۈزۈم ئىنسانلىق شەرىپىگە ۋە قەدىر - قىممىتىگە ئەسلا ماس كەلمەيدىغان ئېغىر بىر ئاسارەت ۋە مۇستەملىكە ئىدىيىسىنىڭ مەھسۇلىدۇر.

# خىتاينىڭ ئاساسقانۇنىدىكى ھوقوقى ئەھۋالىمىز

شەرقى تۈركىستاننىڭ ئىشغالىيىتىدىن 6 يىل ئۆتۈپ 1955 ـ يىلى « شىنجياڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى » ئىسمىدىكى بۈگۈنكى ھاكىمىيەت تۈزۈمى ئورنىتۇلدى. خىتاينىڭ يىڭى ئاساسقانۇن تېكىستلىرىدە « باشقا مىللەتلەرنى ئېزىش ۋە ئېكىسپولاتاتسىيە قىلىش مەنئي قىلىنىدۇ » دىگەن ئىبارە تەكىتلەنگەن. پەقەت بۇ ۋە بۇنىڭغا ئوخشىغان ھەقلەر قەغەز يۈزىدىلا قالغان.

ئەمىلىيەتتە خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ 1982 ـ يىلىدىكى ئاساسقانۇنى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ھەقلىرىگە ئائىت نۇرغۇن كەڭ دائىرىلىك كاپالەتلەرنى ئېلان قىلدى. ئۇنىڭدىن ئەۋەلقى ئاساسقانۇنلىرىغا سىلىشتۇرغاندا، ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە ئاپتونوم رايونلارغا مۇناسىۋەتلىك ھۆكۈملەرنىڭ ئىزاھاتى (مۇناسىۋەتلىك ئاساسقانۇن ماددىلىرى) قوشۇمچە قىلىنغان بۇ ھۆكۈملەر ئازسانلىق مىللەتلەرگە نىسپەتەن يېڭى ئاساسقانۇننىڭ كونا قانۇنلارغا قارىغاندا ھوقوقى نۇقتىدىن ئىلگىرىلىگەنلىگىنى كۆرسەتمەكتە.

ئەمما خىتاينىڭ ئاساسقانۇنىنىڭ مۇناسىۋەتلىك ماددىلىرى ب د ت تەرىپىدىن تەتقىق قىلىنغاندا ۋەقانداق ئىجرا قىلىنغانلىقى تەكشۈرۈلگەندە سۆزلەنگەن ھەقلەرنىڭ بېرىلمىگەنلىگى، قانۇنلاردا كۆرسىتىلگىنىدەك ئاپتونوم رايون ئەمەلدارلىرىنىڭ « قارار بېرىش » ئالاھىدىلىگىنىڭ يوق ئىكەنلىگى ۋە يەرلىك مەسىلىلەرگە مۇناسىۋەتلىك ماددى ۋە مەنىۋى ھىچقانداق كاپالەتنىڭ يوق ئىكەنلىگى ئېنىقلانغان.

1982 ـ يىلىدىكى ئاساسقانۇن بۈگۈنكى ھۆكۈمرانلار تەرىپىدىن ئاياق ئاستى قىلىنماقتا. ئاپتونومىيە ھەققى بېرىلگەن شەرقى تۈركىستان ۋە باشقا رايونلار ( تىبەت، موڭغۇلىستان، مانجۇرىيە، جۇاڭ ) غا بېرىلگەن سىياسى ، ئىقتىسادى، مەدەنى ھەقلەر ئەمىلىيەتتە بېرىلمىدى. مۇنداقچە ئاساسقانۇنغا خىلاپلىق جىنايىتى ئۆتكۈزۈلمەكتە. بارلىق دىكتاتور تۈزۈملىرىگە ئوخشاش خىتايدىمۇ قانۇن بىلەن ئىجرا ئارىسىدائوچۇق پەرقلەر كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ.

خىتاي ئاساسقانۇنىنىڭ 4 ـ ماددىسىدا : « مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىگى » ، ئاپتونومىيە رايونلىرىدا ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ ھوقوقىنى قوغداش ئۈچۈن « ئاپتونومىيە ئورگانلىرى تەسىس قىلىنغانلىقى » سۆزلەنگەن. ئاخىرقى پاراگىرافلاردا بولسا « مىللەتلەرنىڭ تىل ۋە يېزىقىنى ئىشلىتىش ۋە ئىسلاھ قىلىش، ئۆرف ـ ئادەتلىرىنى قوغداش ۋە يىڭىلاش ھوقوقىغا

ئىگە ئىكەنلىكى » بىلدۈرۈلگەن .

مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكى ھەققىدە خىتاي كومپارتىيىسى 7 - قۇرۇلتىيىدا، 1931 - يىلى ئىشچىلار قۇرۇلتىيىدا، 1938 - يىلى ج ك پ 6 - قۇرۇلتىيىدا قارار ئالىنغان ئىدى، ۋەدىلەر بەرگەن ئىدى، ھەتتا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقوقىنىمۇ بەرگەنلىكىنى ئېلان قىلىنغان ئىدى. ئەمما ۋەدىلەر ئۇنتۇلدى، ئورنىغا ئاسسىمىلياتسىيون سىياستى يۈرگۈزۈلدى.

بۈگۈنمۇ ئاساسىقانۇندا بىلدۈرۈلگەن « باراۋەرلىك يوليورۇقلىرى » چەيلەپ تاشلىنىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىككىنچى سىنىپ مۇئامىلىسىگە ئۇچرىماقتا.

رايوندىكى ئاز سانلىق مىللەت خەلقىنى قوغداش ۋە باشقۇرۇش ئۈچۈن قۇرۇلغان «ئاپتونوم ئورگانلار» ( يەرلىك ھۆكۈمەت باشلىقلىرى) ھەر ساھەدە يەرلىك مىللەتلەرگە تەۋە بولسىمۇ، ھېچبىرىنىڭ سىياسى قارار چىقىرىش ھوقوقى يوق. رايوندىكى پارتىيە شۇجىلىرى، ھەربى رايون قوماندانلىرى ھەققى سىياسى قارار چىقىرىش ھوقوقىغا ئىگە بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى خىتايلاردۇر. تەشكىلات ۋە سىياسى باشقارما، قوغداش بۆلۈمى دېگەندەك مۇھىم ئورۇنلار يەرلىك مىللەتلەرگە بېرىلمەيدۇ. باشقا مۇھىم ھوقوقلارمۇ خۇددى ئادالەتلىكتەك تەقسىم قىلىنغان.

يەنە بىر مۇھىم مەسىلە شۇكى، شەرقى تۈركىستاندا ئاپتونومىيە ئورگانلىرىدىن باشقا يەنە تەڭ دەرىجىدىكى 6 دۆلەت ئورگىنى باردۇر. ھوقوقتا باراۋەر ياكى ئۈستۈن تۇرىدىغان بۇ ئورگانلارنىڭ ھەممىسى بىۋاستە ياكى ۋاستىلىق ھالدا بېيجىڭغا باغلىنىدۇ. بۇ سەۋەپلەر تۈپەيلى، بېشىدا بىر ئۇيغۇر ئولتارغان « شىنجياڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى » ھۆكۈمىتى ماھىيەتتە ھېچبىر ئىمتىيازى يوق قورچاق ئورگاندىن ئىبارەتتۇر.

خىتاي ئاساسىقانۇنىنىڭ 4 - ماددىسىنىڭ 119 - پاراگرافلىرىدا « مىللى ۋە ئەنئەنىۋى مىراسلىرىنى قوغداش، ۋارىسلىق قىلىشتا مىللى مەدەنىيىتىنى قوغداش ، يېڭىلاشتا ئاپتونومىيە ئورگانلىرى مۇستەقىل ھەرىكەت قىلىدىغانلىقى » ھەققىدە يېزىلغان. ئەمما بېرىلگەن بۇ مەدەنى ھوقوقلار ج ك پ نىڭ تاشقى دۇنياغا قارشى تەشۋىقات قورالى سۈپىتىدە قوللىنىلماقتا. چۈنكى پارتىيە پىراگراممىلىرىدا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت ۋە تىللىرىنى يېڭىلىشىنىڭ ھاجىتى يوق دەپ يېزىلغان. 30 يىل ئىچىدە 4 قېتىم يېزىق - ئېلىپبە ئالماشتۇرۇپ مىللى مەدەنىيەتكە زور زەربە بېرىلگەن.

مىللى ئەسەرلىرىمىز يوق قىلىنغان. مەدەنى مىراسلىرىمىز بۇلاڭ - تالان قىلىنغان . مەدەنىيەت ئىنقىلاۋى مەزگىلىدە يۈز مىڭلىغان تارىخى ئەسەرلىرىمىز مەيدانلارغا

توپلۇنۇپ كۆرىدۇرۈشتىلگەن. خىتاي بولمىغىنى ئۈچۈن تەنتەربىيەدە نەتىجە قازانغان سپورتچىلىرىمىز خەلقارا مۇسابىقىلەرگە قاتنىشالمىغان. خەلقارا يىغىنلارغا چاقىرىلغان ئالىملىرىمىز، مۇخبىرلىرىمىز ھەرخىل توسالغۇلارغا ئۇچرىغان. خىتايچە ئوقۇش، سۆزلەش زورلۇق شەكلىدە مەجبۇرلانماقتا. ئۆز مىللى تىلىدا ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغان بىر ياش ئالىي مەكتەپكە كىرىش ئۈچۈن خىتاي تىلىدىن ئىمتىھان بېرىشى شەرت. خىتايچە بىلمىگەنلەر ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدا ۋە زاۋۇتلاردا ئىشلىيەلمەيدۇ. بۇ شەكىلدە ھوقۇقىمىزنىڭ مىللى تىلىمىز ئىككىنچى ئورۇنغا چۈشۈرۈلدى.

ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، ئېلىپبەدىكى ئۆزگىرىشلەر، تىل ۋە مەدەنىيەتتىكى چەكلىمىلەر مەدەنىيەتتىكى باشباشتاقلىق ۋە بۇزۇلۇشنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

خىتاي ئاساسقانۇنىنىڭ 59 ـ ، 65 ـ ، 114ـ ۋە 116ـ ماددىلىرىدا « ئاپتونومىيەلىك جايلارنىڭ خەلق قۇرۇلتايلىرىدا ئاپتونومىيەنى يولغا قويغان مىللەتنىڭ ۋەكىلى بولىشى، مىللەتنىڭ سىياسى ، ئىقتىسادى ۋە مەدەنىيەت ئالاھىدىلىگىگە ئاساسەن ئاپتونومىيە نىزامى ۋە ئايرىم قانۇنلارنى تۈزۈش ھوقوقى بار » لىقى ھەققىدە گەپ سېتىلغان. بۇ ھوقۇقلار باشقىلىرىغا ئوخشاشلا، ئاساسقانۇن بەتلىرىدىلا قالدى. چۈنكى قارار چىقىرىش، ئىجرا قىلىش، باشقى مۇناسىۋەت، چەتئەل ھۆكۈمەت ياكى شېركەتلىرى بىلەن كېلىشىم تۈزۈش ئورنىغا ۋە ھوقۇقىغا ئىگە بولمىغان ئاپتونومىيە باشلىقلىرىنىڭ قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيلا قالماستىن بەلكى سۇئال سوراش ھەققىمۇ يوقتۇر. چۈنكى ئاپتونومىيە ئورگانلىرىدىكى خىتايلار ۋەزىپىسىگە ۋە ئورنىغا قارىماستىن ھوقوقنى كونترول قىلىپ تۇرىدۇ. ئەھۋال شۇ قەدەر ئېغىركى، شەرقى تۈركىستانلىق ئەڭ چوڭ باشلىقلار قول ئاستىدىكى خىتايدىن مەسئۇلىيەت سورۇشتۇرەلمەيدۇ. ھەربى ۋە بىخەتەرلىككە مۇناسىۋەتلىك گەپ سوراش ھەققىمۇ يوق. مەسىلەن شەرقى تۈركىستان ئاپتونوم رايون ھۆكۈمىتىنىڭ چېگرا لېنىيىسى، خەلقارا ئاۋىئاتسىيە، ھەربى ئۇچاق مەيدان، ئاتوم رايونى قاتارلىقلارنى تەكشۈرۈش ھەققى يوق.

نەتىجىدە ئاپتونومىيە ئورگانلىرىدىكى شەرقى تۈركىستانلىقلارغا بېرىلگەن ئەمەل ۋەھوقوقلار ج ك پ شۇجىلىرى تەرىپىدىن چاندۇرماستىن نازارەت قىلىنىدۇ. بۇ قورچاق ئىجراچى ئورگانلاردا ئىشلەيدىغان ئۇيغۇر، قازاق نىسبىتى خىتايلارنىڭ يېرىمىغىمۇ يەتمەيدۇ. كۆرۈنۈشتە بەلگىلەنگەن يەرلىك ئەمەلدارنىڭ مۇھىم ئىشلاردا ھەتتا بىر ەر مالنى چەتئەلگە ئىمسپورت قىلىشتىمۇ پارتىيە كومىتېتىنىڭ قارارىسىز بۇيرۇق قىلىش ھەققى يوق. بۇنىڭ ئەكسىچە خىتاي ھەربى قوماندانلىق شتابىغا قاراشلىق بولغان بىكتۈەن

ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش ئارمىيىسىنىڭ ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلاتلىرىنى يەرلىك ھۆكۈمەتتىن سورىماستىن چەتئەللەرگە سېتىش ھوقوقى بار.

شۇڭلاشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئاپتونومىيەگە ئېرىشكەنلىگى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولمىغان يالغانچىلىقتىن ئىبارەتتۇر. ئاپتونوم ئورگانلار پۈتۈنلەي پارتىيە ۋە ئارمىيەنىڭ كونترولللىقىدا بولۇپ، سىياسى قارار بەرگۈچى ئاپتونوم رايون رەئىسى ئەمەس بەلكى كومپارتىيە شۇجىسىدۇر.

خىتاي ئاساسقانۇنىنىڭ 117 ـ ۋە 118 ـ ماددىلىرىدا « ئاپتونوم ئورگانلارنىڭ يەرلىك مالىيە ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ھوقوقى » ھەمدە « رايوننىڭ پۈتۈن كىرىمىنى ئىشلىتىش، دۆلەت پىلانى يېتەكچىلىگىدە يەرلىك ئىقتىسادنى مۇستەقىل باشقۇرۇش ۋە رىۋاجلاندۇرۇش ھوقوقى » بارلىقى ھەققىدە سۆزلەر بار.

ئەپسۇسكى بۇ ئىپادىلەرمۇ پەقەتلا قەغەز يۈزىدىلا قالدى. 1949 ـ يىلىدىن تارتىپ ھازىرغا قەدەر شەرقى تۈركىستاننىڭ بارلىق ئىقتىسادى بايلىقلىرى خام ئەشيا پېتى خىتايغا توشۇلماقتا. خىتايلار 1980 ـ يىللارغا قەدەر شەرقى تۈركىستاندىن خام ئەشيا توشۇش بىلەنلا چەكلەنگەن بولسا، ئەمدى سۆۋېت ئىتتىپاقى پارچىلىنىپ خوشنا تۈرك جۇمھۇرىيەتلىرى مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن باشقىچە پىلانلار تۈزۈشكە باشلىدى. خام ئەشيالارنى پىششىقلاپ ئىشلەشكە، چەتئەل مەبلىغىنى چەكلىك بولسىمۇ كىرگۈزۈشكە باشلىدى. لېكىن سىستېمىدا ئۆزگىرىش بولمىدى. ئەمدى ئىشلەپچىقىرىلغان مەھسۇلاتلارنىڭ ھەممىسى بېيجىڭگە توشۇلۇشقا باشلىدى.

خىتايغا توشۇلۇۋاتقان ۋە ئاساسەن ئىمپورت قىلىنىۋاتقان مەھسۇلاتلارنىڭ باھاسى بېيجىڭ ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن بەلگىلىنىپ، خەلقنىڭ قولىدىن ناھايىتى ئەرزان باھادا تارتىۋېلىنماقتا. پىلانلانغان مەھسۇلاتنى ئالالمىغاندا دېخانلاردىن ئېغىر باج ـ سېلىق ئۇلىنىۋالماقتا. سانائەت مەھسۇلاتلىرىنى بولسا يەرلىكلەردىن سوراپمۇ قويمايدۇ.

رايوننىڭ ئېكسپورت كىرىمىنىڭ % 10 ى يەرلىكلەرگە قالدۇرۇلۇپ، قالغىنى تامامەن بېيجىڭنىڭ يانچۇقىغا چۈشمەكتە.

ئاپتونوم ئورگانلار پەقەت بېيجىڭنىڭ بۇيرۇقلىرىنى ئىجرا قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ. شۇڭا ئاساسقانۇندا كۆرسىتىلگەن ماددىلارنىڭ ھەممىسى رېئاللىقتا كۆرۈنمەيدۇ.

ج ك پ مەركىزى كومىتېتى ، خىتاي خەلق قۇرۇلتىيى ۋە خىتاي ھۆكۈمىتى تامغىسى بېسىلغان 1985 ـ يىلى 1. ئۆكتەبىردىكى رەسمى دوكلادتىكى شۇ جۈملىلەر شەرقى تۈركىستاننىڭ ئىقتىسادى ئەھۋالىنى ۋە خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ بۇنىڭغا قانچىلىك

ئەھمىيەت بەرگەنلىگىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ:

« شەرقى تۈركىستان جۇڭگونىڭ دۆلەت مۇداپىئەسى ئۈچۈن مۇھىم ستىراتېگىيىلىك ئەھمىيەتكە ئىگىدۇر.... شەرقى تۈركىستان ، پۈتۈن جۇڭگونىڭ ئىقتىسادىدا ۋاز كەچكىلى بولمايدىغان مۇھىم ھاياتى كۈچكە ئىگە رايوندۇر. »

قىسقىسى، دۆلىتىمىزنىڭ ئىنتايىن باي ئىقتىسادى مەنبەلىرى خىتايلار تەرىپىدىن «ئىمپېرىئالىستلارچە مەقسەتلەر » بىلەن بۇلاڭ ـ تالان قىلىنماقتا. بۇ رايوندا قۇرۇلغان «ئاتوم سانائەت مەركىزى » ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئىشلەپچىقىرىش، قۇرۇلۇش ئارمىيىسى نامىدا قۇراشتۇرۇلغان قۇراللىق خىتاي ئارمىيىسى خىتاينىڭ كېڭەيمىچىلىك قارا نىيىتىنىڭ ئېنىق بىر بەلگىسىدۇر.

خىتاي ئاساسىقانۇنىنىڭ 120 ـ ماددىسىدا : « ئاپتونومىيە ئورگانلار گوۋۇيۈەن (باقانلار قۇرۇلۇ ) نىڭ تەستىقلىشىدىن ئۆتكۈزۈپ ، ئۆز جايىنىڭ جەمىيەت ئامانلىقىنى قوغدايدىغان ئامانلىق ساقلاش قىسىملىرىنى تەشكىللىسە بولىدۇ» دېگەن جۈملىلەر بار .

ئاپتونومىيە ئورگانلىرىغا بېرىلگەن بۇ ھوقۇقنىڭ ئالدىدا گوۋۇيۈەنىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزۈش شەرتى بارلىقىغا دىققەت قىلىش كېرەك. يالغاندىن قۇراشتۇرۇلغان يەرلىك قۇراللىق ساقچى قىسىملىرى ۋە ساقچى ئىدارىلىرىنىڭ پۈتۈنلەي ئارمىيە ۋە پارتىيەنىڭ بىۋاستە باشقۇرۇشىدا ئىكەنلىكى ھەمدە شىتاتىنىڭ تامامەن خىتايلار تەرىپىدىن ئىگەللەنگەنلىكى ، پەقەت كۆرۈنۈش ئۈچۈنلا ناھايىتى ئاز بىرقىسىم يەرلىك ساقچى ياكى رولى يوق قورچاق ساقچى باشلىقلىرىنى قاتتىق نازارەت قىلىش شەرتى ۋە قۇرال بەرمەسلىك ـ يالغان قۇرال بېرىش، ئوق بەرمەسلىك شەرتى بىلەن قوبۇل قىلغانلىقى شۇنىڭدەك جىددى ۋەقە سادىر بولغاندا ھەممىسىنى يىغىۋالىدىغانلىقى ھەتتا قۇرالىنى تارتىۋېلىپ سولاپ قويىدىغانلىقى ھەتتا ئېتىپ تاشلايدىغانلىقى قاتارلىقلار يېقىنقى ئون نەچچە يىلدىن بويانقى شەرقى تۈركىستاندا يۈز بەرگەن خەلق قارشىلىق ھەرىكەتلىرى ۋە خىتايلارنىڭ ئۇنى باستۇرۇش ئەمەلىيىتىدە تولۇق ئىسپاتلانغان ھەقىقەتلەردۇر.

# شەرقى تۈركىستاننىڭ ئاساسى مەسىلىلىرى

1 . دۆلەتنىڭ رەسمى ئىسمى

دۆلىتىمىزنىڭ رەسمى ئىسمى دەلىللەردە كۆرسىتىلگىنىدەك « شەرقى تۈركىستان » بولۇپ، بۇ ئىسىم دۆلىتىمىزنىڭ رەسمى، تارىخى، سىياسى، جۇغراپىيىۋى ۋە مىللى ئاتىدۇر. « يېڭى مۇستەملىكە » ، « يېڭى زېمىن » ، « يېڭى ئىگەللەنگەن يەر » مەناسىدىكى « شىنجياڭ » ، « سىنكىياڭ » ئاتلىرى ئويدۇرما ئىسىم بولۇپ، شەرقى تۈركىستان ئىسمىنى ئۇنتۇلدۇرۇش ئۈچۈن 1884 ـ يىلى مانجۇ ـ خىتاي ھۆكۈمرانلىرى تەرىپىدىن قويۇلغان. پەقەت بۇرۇنقىلارغا ئوخشاش، كىيىن قۇرۇلغان جۇمھۇرىيەتلەردە، ئۇلارنىڭ پاسپورت ، ئىستىمال قىلىنغان پۇللىرىدا، مەكتەپ دىپلوملىرىدا، دۆلەت قارارلىرىدا شەرقى تۈركىستان ئاتالغۇسى رەسمى قوللىنىلغان.

ئەپسۇسكى ، كوممۇنىستلار 1949 ـ يىلى ھاكىمىيەتنى تارتىۋالغاندىن كىيىن دۆلەتنىڭ ئىسمىنى ئالماشتۇرۇپ شىنجياڭ سۆزىنى ، 1955 ـ يىلى شىنجياڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى سۆزىنى ئىشلەتتى. ھالبۇكى شەرقى تۈركىستانغا ئوخشاش مەمۇرىيەتتىكى ئىچكى موڭغۇلىستان، تىبەت، مانجۇرىيە ئىسمى ئۆزگەرتىلمەي ئەينەن تەلەپپۇز قىلىنماقتا.

ھەل قىلىش چارىسى :

خىتاي ئىشغالىيىتىدىكى باشقا ئاپتونوم رايونلارنىڭ مىللى، تارىخى، جۇغراپىيىۋى ئىسىملىرىنىڭ ئۆز پېتى قوغدالغىنىدەك شىنجياڭ ئاتالغۇسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ شەرقى تۈركىستان ئىسمىنى قوللىنىش لازىم. ئۇندىن باشقا شەھەر ، ناھىيە ، يېزا، بازارلارنىڭ ئىسمىنىڭ خىتايچە ئىسىملارغا ئۆزگەرتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش.

2 . مىللەتلەر مەسىلىسى

خىتاي ھۆكۈمرانلىرى شەرقى تۈركىستاندا ياشاۋاتقان خەلقنى « پارچىلاپ باشقۇرۇش » پىرىنسىپى بويىچە 13 مىللەت ـــ دەرىجىگە بۆلدى. بۇ 13 مىللەتنىڭ ئىچىدە كۆرسىتىلگەن ئۇيغۇر ، قازاق، قىرغىز ، ئۆزبەك، تاتار ، سالار ، سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ ھەممىسى مەيلى ئانتروپولوگىيەلىك، مەيلى ئېتنولوگىيەلىك ۋە ياكى ئېتنوگرافىك مەنادا

تۈرك ئائىلە سىنىپىغا مەنسۇپ بولۇپ، بىر مىللەتنىڭ قەۋملىرىدۇر. شۇڭا بۇلار ئۈچۈن ياكى ئاز ساندىكى باشقا ئېتنىك گۇرۇپپىلار ـ شىۋە، موڭغۇل، تۇڭگانلار ئۈچۈن ئايرىم مىللى رايونلارنىڭ قۇرۇلۇشى ئەقىلگە مۇۋاپىق ئەمەس. خەلقارا شەرتنامىلارغا خىلاپ. بۇنداق بىر تەقسىمات ۋە مۇختارىيات سىياستىنى يۈگۈزۈش ئارقىلىق ، ختايلار « ئۇلۇق ختاي بىرلىگى » نى ۋۇجۇتقا چىقىرىش غەرىزىدە ھەرىكەت قىلماقتا.

ھەل قىلىش چارىسى :

شەرقى تۈركىستان زىمىنىدا قۇرۇلغان بارلىق مىللى ئوبلاست، ناھىيە، يېزىلار بىكار قىلىنىشى لازىم. خەلقنى سىياسى، ئىقتىسادى، مەدەنىيەت جەھەتتىن سىنىپلارغا ئايرىش يوق قىلىنىشى لازىم. رايون بىر پۈتۈن شەكىلدە ئىتراپ قىلىنىشى لازىم. بارلىق ھوقوق ئاپتونوم رايون باشلىقىنىڭ قولىغا ئۆتىشى لازىم.

## 3 . ئاپتونوم ھۆكۈمەتنىڭ ھوقوقى مەسىلىسى

« ئاپتونوم ھۆكۈمەتنىڭ ئورگانلىرى، ھوقوقى، مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىگى، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ھەقلىرى » دىگەندەك قانۇنلار بىلەن كاپالەتلەندۈرۈلگەن ھەقلەر، بۇ قانۇنلارنى تەييارلىغان ختايلارنىڭ بېيجىڭ ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئاياق ئاستى قىلىنماقتا. پۈتۈن ھوقوق ختايلارنىڭ قولىدا، قورچاق ئاپتونوم ئورگانلاردا ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن ئاز سانلىق مىللەت ئەمەلدارلىرىنىڭ سىياسى، ئىقتىسادى ۋە ھەربى جەھەتلەردە بۇيرۇق قىلىش ياكى نازارەت قىلىش ھوقوقى ختاي كوممۇنىست پارتىيىسىنىڭ كونتروللۇقىدادۇر.

ھەل قىلىش چارىسى :

1982 ـ يىلى ئېلان قىلىنغان ختاي ئاساسقانۇنى ئەمىلىلەشتۈرۈلۈشى، بېيجىڭ دائىرىلىرى سىياسى قارار ھوقوقىنى ئاپتونوم ئورگان رەئىسگە بېرىشى، ئاپتونوم رايوندىكى ئىقتىسادى كىرىمنى يەرلىك ھۆكۈمەتكە تاپشۇرۇشى، رايوننىڭ ئەسلى ئىگىسى بولغان ئۇيغۇر، قازاق قاتارلىقلاردىن تەشكىللەنگەن ئامانلىق ساقلاش ساقچى قىسىملىرى قۇرۇلۇشى، رايون خەلقىنىڭ قۇراللىق تەربىيە كۆرەلەيدىغان شەكىلدە ئەسكەر بولۇشى ۋە شەرقى تۈركىستان ئىچىدە ئەسكەرلىك ۋەزىپىسى ئۆتىشى، رايوننىڭ مالىيە ئەھۋالىنى باشقۇرۇش، كىرىمنى ئىشلىتىش، نازارەت قىلىش ھوقوقىنىڭ يەرلىك خەلقتە بولۇشى، چەتئەللەر بىلەن تىجارەت كېلىشىمى تۈزۈش ھوقوقىنىڭ بېرىلىشى، بارلىق ئاپتونومىيە

ئورگانلىرىنىڭ مەسئۇللىقىغا ئاپتونوم خەلقىدىن قويۇلۇشى، ئىلىم ـ پەن ، تېخنىكا، مەدەنىيەت، ساقلىقنى ساقلاش ۋە جىسمانى مەدەنى ئىشلارنى ئۆز رايونلىرىدا مۇستەقىل باشقۇرۇش، مەدەنى مىراسلارنى قوغداش، تەرەققى قىلدۇرۇش، داۋاملاشتۇرۇش هوقوقىنى كاپالەتلەندۇرۇلۇشى، خەلقارا يىغىنلارغا ئەركىن قاتنىشىش هوقوقىنىڭ تەمىنلىنىشى، ئۇچاق مەيدانى ۋە تاموژنا بىۋاستە ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈلۈشى ۋە بۇ يەرلەردىكى باشقۇرۇش هوقوقىنىڭ ئاساسقانۇن، ئاپتونومىيە قانۇنى، ئېرق ئايرىمچىلىق، ماكانلىشىش، كۆچمەن كىلىشمىلىرى، ب د ت دىكى مۇناسىۋەتلىك كىلىشىم ھەقلىرىنىڭ دەرھال شەرقى تۈركىستاندىكى يەرلىك خەلقلەرگە بېرىلىشى كېرەك. بۇ ئىنسانى، تەبئى ۋە قانۇنى ھەقلەر بېرىلگىنىدە، خىتاي خەلق جۇمهۇرىيىتى خەلقارا سەھنىدە ھۆرمەتكە ئېرىشىش پۇرستىنى ھەل قىلالايدۇ. چۈنكى ئۆزىنىڭ ئاساسقانۇنلىرىدىمۇ خىتاي ئەمەس مىللەتلەرگە ھەر تۈرلۈك بېسىم ۋە زۇلۇملارنىڭ چەكلەنگەنلىگى بەلگىلەنگەن.

## 4 . نوپۇس مەسلىسى

خىتاي مەنبەلىرى خىتايلاشتۇرۇش سىياستىنىڭ ئېهتىياجى تۈپەيلىدىن، شەرقى تۈركىستاندا ياشاۋاتقان خەلقلەرنىڭ نوپۇسىنى ھەردائىم ئازايتىپ كۆرسەتمەكتە. بۇنىڭ بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن « تۇغۇت چەكلىمىسى » نامى ئاستىدا مەجبۇرى ئوپېراتسىيە ئارقىلىق شەرقى تۈركىستان خەلقىنىڭ كۆپىيىشىگە توسقۇن بولماقتا. 1953 ـ يىلى بۇ رايوندىكى خەلقىنىڭ نوپۇسى 4 . 218 . 000 دەپ ئېلان قىلىنغان. 1967 ـ يىلدا بۇسان 5.726.000 غا چىقىرىلدى. يەنى 14 يىلدا 1.5 مىليون ئادەم كۆپەيگەنلىگىنى نومۇس قىلماستىن ئېلان قىلدى. 1938 ـ يىلدا خىتاينىڭ باش ۋالىسى شىڭ شىسەي نوپۇس ھىساپلاشتىن كىيىن ئومۇمى نوپۇسىنى 4.774.778 دەپ ئېلان قىلدى. تىخىمۇ ئەۋەلقى يىللاردا بولسا 1876 ـ يىلدىكى نوپۇس 4.799.700 دەپ خاتىرىلەنگەن. 1949 ـ يىلى ماۋزېدۇڭ رايوندا 9 مىليون ئىنسان ياشايدىغانلىقنى ئۇچۇقلىغان. يەنە بىر باشقا خىتاي مەنبەسى بولغان چىنا يىئاربۇئوك تا 1929 ـ يىلى شەرقى تۈركىستاندا 4 ـ 6 مىليون ئارىسىدا ئىنسان ياشايدىغانلىقى قەيت قىلىنغان. بۇ قارىمۇ ـ قارشى سانلارنى تەكشۈرگەندە 1929 ـ يىلدىن 1949 ـ يىلغىچە ھېچقانداق نوپۇس ئېشىشى بولمىغانلىقنى كۆرۈپ ئالالايمىز. 1949 ـ يىلدا ماۋنىڭ ئېلان قىلغان سانى 9 مىليون بولسا 1967 ـ يىلى 3

مىليون ئازلاپ كەتكەنلىگىنى كۆرىمىز. 1982 ـ يىلىدا بۇ رايوننىڭ نوپۇسى خىتاينىڭ رەسمى مەنبەلىرىدە 13.081.438 كىشى دەپ يېزىلدى. بۇنىڭ ئىچىدىكى 0.000.0 5.39 خىتاينى چىقىرىۋەتكەندە رايوندا 918. 5.376 نەپەر تۈرك بارلىغىدەك كۆلكىلىك بىر سان ئورتىغا چىقىدۇ. ئۇندىن باشقا، 1949 ـ يىلىدىكى نوپۇس تەكشۈرۈشتە 0 ـ 15 ياشقىچە بولغانلار تىزىملانمىغان ۋە نوپۇس بېرىلمىگەن. مەلۇم بولغىنىدەك، خىتاينىڭ رەسمى قايناقلىرىدا نوپۇس سانى تولىمۇ كۆلكىلىك دەرىجىدە قالايمىقان سانلار بىلەن تولدۇرۇلغان.

ھەل قىلىش چارىسى :

رايوننىڭ نوپۇسىغا مۇناسىۋەتلىك رەقەملەر ئۈستەل ئۈستىدە تەييارلانغان ۋاراقلار بولۇپ، ئېلان قىلىنغان سانلار قەستەن خىتايلاشتۇرۇش سىياسىتىنىڭ نامايەندىسىدۇر. قاراڭغۇ ئۆيلەرگە مۆكىنىۋېلىپ، سىياسى چۈشەنچىلەرنىڭ يورۇقىدا تەييارلانغان دوكلاتلارنىڭ رەسمى دەلىللىك قىممىتى بولمايدۇ. يىللىق % 2 لىك ئوتتۇرىچە ئارتىش بويىچە ھېساپلىغىنىمىزدا شەرقى تۈركىستاندا تەخمىنەن 28 بىلەن 30 مىليون ئارىسىدا مۇسۇلمان تۈرك ياشايدىغانلىقى ئوتتۇرىغا چىقماقتا. ھەقىقى ساننىڭ يوشۇرۇنغانلىقى، ئاسمىلىياتسىيىنىڭ ئۇچۇق ئالامىتى بولغان نوپۇس مەسىلىسىنىڭ خەلقارا كۆزەتكۈچىلەرنىڭ نازارىتى ئاستىدا ئىستاتىستىك بىلىملەرنىڭ باشقۇرۇشى بىلەن ئېلىپ بېرىلىشى لازىملىقى ئۈمىت قىلىنماقتا.

5 . مەدەنى ـ مائارىپ ، تىل

خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىغا يوللىغان دوكلاتىدا «مائارىپ ھەققى» گە ئائىت قانۇنى كاپالەتلەر بار. ئىككىنچى دوكلاتىدا بولسا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ يېزىق تىلىنى سىستېمىلاشتۇرۇش ۋە ئاممىۋى مەكتەپلەرنى باشقۇرۇش ھوقۇقىنىڭ بېرىلگەنلىگى ھەققىدە سۆزلەنگەن. ئىككىنچى دوكلات يوللانغاندا بىر ھۆكۈمەت ۋەكىلى ب. د ت نىڭ ئىرق ئايرىمىچىلىقىنى تۈسۈش كومىتېتىغا « شەرتلەرگە ئۇيغۇن كەلگەن » ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىلىدا دەرسلىك كىتاپلار تەييارلانغانلىقى ھەققىدە سۆزلەنگەن. ئۈچىنچى دوكلاتتا ھەرخىل ساھەلەردە بىلىم ئالغان ئاز سانلىق مىللەت خادىملىرىنىڭ سانى بېرىلگەن بولۇپ بۇ سان 13.64 مىليوندىن كۆپ. تۆتىنچى دوكلاتتا باللار يەسلىلىرىدە يەرلىك ئاز سانلىق مىللەت تىلىنى قوللىنىدىغانلىقى

سۆزلەنگەن. ئاز سانلىقلارنىڭ تىلىنىڭ قوللىنىلغانلىقى راست ، ئەمما ئۆگىتىلگۈاتقان دەرس پىروگرامىنىڭ يەرلىك تارىخ ۋە مەدەنىيەت بۆرمىلانغان شەكلى ئىكەنلىگى ، بۇنىڭ مەركەزدىن بۇيرۇق قىلىنغان پىروگراما ئىكەنلىگى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. شەرقى تۈركىستاننىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى ۋە ئېتنىك كەچۈرمىشلىرىگە دائىر بىلىملەر خىتاينىڭ بەلگىلەپ بەرگىنىدىن باشقىسى چەكلەنگەن. چەتئەل تېمىلىرىدىكى دەرسلىكلەرمۇ چەكلەنگەن. ھەتتا مەكتەپلەرنىڭ چەتئەل مەكتەپلىرى بىلەن ئالاقىلىشىشى چەكلەنگەن. رىئايە قىلىنمىغانلار ئېغىر جازالارغا ئۇچرىماقتا.

ھەل قىلىش چارىسى :

ھەقىقەتەن پەننىدىن ئائىلىزغىچە كېڭەيگەن « رەسمى باھا زورلۇقلىرى » ئەمەلدىن قىلىشى كېرەك. شەرقى تۈركىستاننىڭ تارىخى، مەدەنىيەت، سىياسى كەچۈرمىشلىرى ئوبىكتىپ ھالدا ئەكس ئەتكەن كىتاپلار يېزىلىشىغا، بېسىلىشىغا روخسەت بېرىلىشى، رايوندىكى ئۇنىۋېرسىتىت ، ئوتتا مەكتەپ، باشلانغۇچ ۋە يەسلىلەردە رەسمى سۆز ۋە يېزىق تىلى ئۇ يەرنىڭ يەرلىك خەلقىنىڭ تىلى بولىشى ، خىتاي تىلى ـ چەتئەل تىلى ھساپلىنىشى كېرەك، ئەمىلىيەتتىمۇ 1958 ـ يىلىغا قەدەر 9 يىلدا خىتاي تىلى چەتئەل تىلى ئورنىدا ئوقۇتۇلغان ئىدى. دۇنيادا ئوقۇتۇلۇۋاتقان ئورتاق پەننى ۋە ئەدەبى تېمىلاردا دەرس ئۆتۈشكە روخسەت بېرىلىشى كېرەك. ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارنىڭ چەتئەللەردىكى مەكتەپ ۋە ئوقۇتقۇچىلار بىلەن ئالاقىلىشىپ، ئىلمى ـ مەدەنى يىغىنلارغا قاتنىشىشى كاپالەتلەندۈرۈلۈشى كېرەك. ئۇچاق مەيدانى، پويىز ستانسىسى، تاموژنا تارماقلىرىدا كۆتكۈچىلەرنىڭ سۆزى ۋە رەسمىيەتلىرىنىڭ خىتايچە بولۇشنى چەكلەش كېرەك.

6 . دىن مەسىلىلىرى

خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى ئاساسقانۇنىنىڭ 36 ـ ماددىسىدا : « ھەربىر خىتاي گىراژدانى دىنى ئېتىقات ۋە ئەركىنلىكىگە ئىگە . دۆلەت گىراژدانلارنىڭ نورمال دىنى پائالىيەتلىرىنى قوغدايدۇ . ھېچكىمنىڭ دىنى باھانە قىلىپ جەمىيەت تۈزۈمىنى بۇزۇشىغا ۋە ئىنسانلارنىڭ سالامەتلىكىگە زىيان يەتكۈزۈشىگە يول قويۇلمايدۇ . دىنى ئېتىقات، دىنى جامائەت ۋە دىنى پائالىيەتلەرگە چەتئەلنىڭ ئارىلىشىشىغا يول قويۇلمايدۇ » دەپ يېزىلغان. كۆرۈنۈشتە « دىنى ئەركىنلىك » كە ئاساسقانۇن بىلەن روخسەت قىلىنغاندەك

قىلغىنى بىلەن ، دىنى ئېتىقات، دىنى جامائەت، دىنى پائالىيەتلەرنىڭ پۈتۈن چەتئەللەر بىلەن ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ، ئاتېزىم ئاساسىغا قۇرۇلغان دۆلەت ماتارىپ پروگراممىسى بىلەن بىسىم ئاستىدا كونترول قىلىنغان . دىنى ئېتىقاتلار ئاشكارا دەپسەندە قىلىنغان 1966 ـ يىللاردىكى مەدەنىيەت ئىنقىلاۋى دەۋرىدە ئوتتۇرىغا چىققان بىسىم ۋە يەكلەشلەر ھىلىمۇ داۋاملاشماقتا. بەزى ھاللاردا دىنى ئېزىش بىۋاستە مىللى ئېزىش بىلەن گىرەلىشىپ كەتمەكتە. مەسىلەن : مۇسۇلمان رايونلاردا توڭگۇز بېقىش ۋە يېيىش كوممۇنىستىك پارتىيىگە ئەزا قىلىشتا بىسىم شەكلىدە ئىشلىتىلگەن. ئاساسقانۇندا بېرىلگەن ھەقلەرگە ۋە ئەركىنلىكلەرگە قارىماي، دىنىدىن ۋاز كەچمىگەنلەر ئىمكانىيەت ۋە مەنپەئەتلىرىدىن يىراقلاشتۇرۇلماقتا. چۈنكى باشقۇرغۇچى كادىرلاردىن تەشكىل تاپقان كوممۇنىستىك پارتىيە كادىرلىرىنىڭ « دىندار بولۇشى » قەتئى چەكلەنگەن. شۇڭا پارتىيىگە كىرمىگەنلەر ھەم ئىشسىز قالىدۇ ھەم ئىشىنى قىلالمايدۇ ھەمدە خورلىنىدۇ ۋە بۇ سەۋەپلەردىن جازالانماقتا. پۈتۈن دىنى مەكتەپلەرنىڭ تاقالغانلىقى ئېلان قىلىندى. 1997 ـ يىلىدىن ئېتىۋارەن دىنى تەلىم ئالغانلار، بەرگەنلەر، ناماز ئوقۇغان ، جۈمە ئوقۇغان نەچچە يۈزلىگەن بىگۇنا خەلقلەرمۇ تۇتقۇن قىلىنىشقا باشلىدى.

ھەل قىلىش چارىسى :

شەرقى تۈركىستان خەلقى مۇسۇلمان بولغىنى ئۈچۈن كوممۇنىست بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. پارتىيە ئەزاسى بولمىغانلىقى ئۈچۈن يوقىرى دەرىجىلىك مەسئول خىزمەتلەرنى ئىشلىشى مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا پارتىيەگە ئەزا بولۇش، مەنسەپ تەيىنلەشتە كوممۇنىست بولۇش شەرتلىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشى كېرەك. ئاساسقانۇندا كۆرسىتىلگىنىدەك مۇسۇلمان تۈركلەر ھۆكۈمەتتە ، سانائەت ساھەسىدە مەسئول خىزمەتلەرگە بەلگىلىنىشى كېرەك. ئاتېزىم ۋە دىنسىزلىق تەشۋىقاتلىرى توختۇتۇلۇشى كېرەك. خەلقنىڭ دىنى ئېتىقادىغا زىت بولغان كىتاپلار چەكلىنىشى كېرەك. ئېھتىياجى بارىيەرلەرگە مەسچىت سېلىنىشى، خەلقنىڭ ئېتىقادى بولغان ئاللاھ نىڭ كىتاۋىنى ئوقۇشىغا، ئۆگىنىشىگە روخسەت بېرىلىشى، خالىغانلارنىڭ ھەجگە بېرىشى ئۈچۈن ھاجەتسىز بىيوگرات توسالغۇلارنىڭ ئېلىپ تاشلىنىشى لازىم .

7 . ساياھەت ( كۆچۈش ) ھۆرىيتى

ب. د. ت نىڭ ئىرقچىلىقنى بىكار قىلىش كومىتېتى كېلىشىمنامىسىنىڭ 5 - ماددىسىدىكى كاپالەتلەرگە قارىماستىن ، خىتاي ھۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستاندا ساياھات ( كۆچۈش ) ئەركىنلىكىگە چەكلىمە قويۇشنى داۋاملاشتۇرماقتا . مەسىلەن : بۇ رايونغا مەجبۇرى يەرلەشتۈرۈلگەن 70 مىڭدەك خىتاي كۆچمەنلىرىنىڭ ئىچكى خىتايغا كۆچۈپ كېتىش تەلەپلىرى رەت قىلىنغانلىقتىن 1980 - يىلى ئىسيان چىققان ئىدى.

5 - ماددىدا كۆرسىتىلگەن « بىر يەردىن ئايرىلىش ھوقوقى » مۇ چەكلىمىگە ئۇچرىغان. خەلقلەرنىڭ بىر يېزىدىن يەنە بىر يېزىغا ، ناھىيىگە، شەھەرگە كۆچۈشى چەكلەنگەن ۋە رۇخسەت سوراشقا مەجبۇر . شەھەرگە كۆچۈش قەتئىي چەكلەنگەن. شۇڭلاشقا شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ % 90 تىن كۆپرەكى يېزىلارغا ئورۇنلاشقان. شەرقىي تۈركىستان گىراژدانلىرىنىڭ چەتئەللەرگە چىقىشىغىمۇ چەكلىمىلەر قويۇلغان. كۆپچىلىك ئىنسانلارنىڭ جىنايى دېلوسى بولمىسىمۇ ، چەتئەللەرگە چىقىشقا ، ھەتتا خىتاينىڭ باشقا جايلىرىغا بېرىشىغا رۇخسەت قىلىنمايدۇ . خىتاينىڭ ئىچكى قىسمىدىن زور كۆپچىلىكى جىنايى قىلمىشى بار، قولغا ئېلىنغانلارنىڭ بۇ يەرگە كۆچۈپ كېلىشى تەشۋىق قىلىنماقتا ۋە رازىلىقى ئېلىنمايلا مەجبۇرى كۆچۈرۈلمەكتە .

تېرىلغۇ يەر ۋە جۇغراپىيىۋى شارائىتقا نىسبەتەن ئادەم ئورۇنلاشتۇرۇشنىڭ ئۆلچەمدىن ئېشىپ كەتكەنلىكتەك ئەمەلىيەت ، ھۆكۈمەت سىياسىتىدىكى چەكلىمىلەرنى ئۆزگەرتەلمىدى. كۆچۈش، بىر يەردىن يۆتكىلىش، ساياھەت قىلىشتەك قارارلاردا ، بولۇپمۇ كوللېكتىپ كۆچمەنلىك ۋەقەلىرىدە يەرلىك خەلقنىڭ - شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ ھېچبىر سۆز ھوقوقىمۇ بولمىدى.

ھەل قىلىش چارىسى :

خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىمۇ ئىمزالىغان ب. د. ت ئىرق كەمسىتىشنى بىكار قىلىش كومىتېتى كېلىشىمنامىسىنىڭ 5 - ماددىسىدا كاپالەتلەندۈرۈلگەن : « بىر يەردىن يۆتكىلىش» ، « كۆچۈش » ھوقوقىنى ئىجرا قىلىش كېرەك. نوپۇسنىڭ % 9 0 نى ئىگىلىگەن يېزىلاردىكى ئاھالىلارنىڭ خالىغىنىنىڭ ناھىيە ۋە شەھەرلەرگە كۆچۈشىگە توسالغۇ بولىدىغان بەلگىلىمىلەرنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش لازىم. مەجبۇرى كۆچۈرۈش، كوللېكتىپ كۆچ ۋەقەلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ، بۇ ھەقتە دۆلەت تەرىپىدىن ئېلىپ

بىرلىشۋاتقان تەشۋىقات ۋە ھەركەتلەندۈرۈشلەر چەكلىنىشى لازىم. خالىغانلارنىڭ ھەجگە بېرىشى ئۈچۈن ئوڭايلىق يارىتىپ بېرىشى لازىم. دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىغا ساياھەتكە چىقىش توسالغۇلىرى ئېچىۋېتىلىشى لازىم.

8 . خىتاي كۆچمەنلەر مەسىلىسى

شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئەڭ مۇھىم مەسىلىلىرىنىڭ بىرى ئاسمىلياتسىيە مەخسىدىدە پىلانلىق شەكىلدە يۈتكەپ كېلىنىۋاتقان خىتاي كۆچمەنلىرى مەسىلىسىدۇر. بۇيەرنىڭ نوپۇس ئورۇنلىشىشىنى ئۆزگەرتىش، خەلقنى كونترول ۋە بېسىم ئاستىدا تۇتۇپ تۇرۇش، مۇسۇلمان تۈرك نوپۇسىنى ئاز سانلىق ھالغا چۈشۈرۈش، كەلگۈسىدىكى يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان ئىسلاھات ياكى سايلاملاردا سان ئۈستۈنلۈگىنى تەييارلاش ، شەرقىي تۈركىستانغا ئوبدان ماكانلىشىۋالغاندىن كېيىن، چېگرىنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى قازاقىستان، قىرغىزىستان زېمىنلىرىغا سىڭىپ كىرىش، بۇ ئارقىلىق پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيانى تەسىر دائىرىسىگە كىرگۈزۈش ۋە بۇ ئارقىلىق ئامرىكا، ياپونىيە، غەرب دۆلەتلىرىنى چەتكە قېقىپ ، تۈركىستاننىڭ بايلىقلىرىنى ئۆزى يالغۇز بۇلىماق ، بۇ يەرنىڭ تارىخى، ئەنئەنىۋى قائىدىسىنى ، خەلقنىڭ ياشاش شەكلىنى، دىنى، مىللى مەۋجۇتلىگىنى ئۆزگەرتىش ياكى يوق قىلىش ، تۆمۈر يول ياساش، سانائەت مەركەزلىرىنى قۇرۇشقا ئوخشاش مەخسەتلەردە سىستېمىلىق شەكىلدە خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن شەرقىي تۈركىستانغا يەرلەشتۈرۈلگەن خىتاي كۆچمەنلىرى ئاھالىلارنىڭ بىخەتەرلىگىنى، خاتىرجەملىگىنى بۇزماقتا. جەمىيەت تەڭپۇڭلىقىنى بۇزماقتا. كەلگەنلەرنىڭ كۆپچىلىگى ئەسكەرلەر، ئەسكەر ئائىلە ـ تاۋاباتلىرى، جىنايەتچىلەر ۋە تۇتقۇندىكىلەردىن ئىبارەت.

شەرقىي تۈركىستان ئىشغال قىلىنغان 1949 ـ يىلىدا پەقەتلا % 5 بولغان خىتايلار 1983ـيىلى % 40 گە يەتتى ۋە نوپۇسى 5 مىليون ئەتراپىدا ئىلان قىلىندى. ئەمما بۇ ساندىن 3 ھەسسە كۆپ بولغان كۆچمەن ( ئەسكەر، ساقچى، تېخنىك ) نىڭ يەرلەشكەنلىگى مەلۇم بولدى. شۇنىڭدەك « بۇرايوننىڭ 200 مىليون ئادەمنى باقالايدىغانلىقى » نى ئوتتۇرىغا قويغان خىتاي كومپارتىيە مەسئۇللىرى 2000 ـ يىللارغىچە 100 مىليون ئادەم كۆچۈرۈشنى پىلانلىماقتا. شەرقىي تۈركىستاندىكى خىتاي نوپۇسىنىڭ ئۆزگىرىشى شۇنداق : 1949 ـ يىلى % 5.5 ، 1962 ـ يىلى % 5. 20 ، 1975 ـ يىلى %41 بولۇپ، كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى سىستېمىلىق ۋە بارغانسىرى ئېشىپ بېرىۋاتقان خىتاي كۆچمەن ئېقىنى بار.

يىلدا 200 مىڭ خىتاينىڭ كۆچۈپ كىلىشى ئاتقانلىقى مۆلچەرلەنمەكتە.

خىتاي كۆچمەنلىرى مۇنبەت يەرلەرگە، سانائەت مەركەزلىرىگە يەرلىشىپ، يەرلىك خەلقنى يىراق چۆللەرگە سۈرگۈن قىلماقتا. خىتايلار ئولتۇراقلاشقان بىرپىزا يەرلىك خەلق بار بىر ناھىيىدىنمۇ ياخشى ئىقتىسادى شارائىتلارغا ئىگە.

ھەل قىلىش چارىسى :

بېيجىڭ ھۆكۈمىتى ئۆز خەلقىنى مەجبۇرى ۋە كوللىكتىپ ھالدا كۆچۈرۈش سىياسىتىدىن ۋاز كىچىشى كېرەك. بۇ پۈتۈن خەلقارا كىلىشىم ۋە توختاملارغا خىلاپ بولغان ھەرىكەت، شۇنىڭدەك ئىنسان ھەقلىرىنىڭ دەپسەندە قىلىنىشىدۇر. شۇ سەۋەپتىن بۇ ئىشلار رايوننىڭ ئەسلى ئىگىسى بولغان خەلق ئىچىدە نارازىلىق پەيدا قىلماقتا ۋە خىتاي تەرەپدارلىرىنى كۆچلەندۈرمەكتە. كۆچمەن خىتايلار خىتاي تەھدىدىنىڭ نەقەدەر رەزىل ۋە ئېنىق ئىكەنلىكىنى دەلىللىمەكتە. بۇ كۆچمەن ۋەقەسىنى ئۆتكۈنچى بىر ۋەقە سۈپىتىدە قوبۇل قىلىش مۇمكىن ئەمەس. بۇ رايوننىڭ يېڭىدىن تەدرىجى ئىستىلا قىلىنىشىدۇر. 100 مىڭ كىشىلىك كۆچمەن خىتايلارنىڭ رايونغا كىلىشى مۇناسىۋىتى بىلەن خىتاينىڭ دۆلەت گىزىتىدە شۇنداق دېيىلگەن : « يىڭى يۇرتىڭىزغا مۇستەھكەم ئورۇنلىشىڭ ۋە شىنجياڭدا سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش كۆرىشىنى باشلاڭ » . سىياسى ۋە ئىقتىسادى سەۋەپلەردىن بۇ رايونغا تېخىمۇ كۆپ كۆچمەنلەرنىڭ كۆچۈپ چىقىشى مۇمكىن. بېيجىڭ ھۆكۈمىتى ئېقىپ كەلگەنلەرنى ۋە جىنايەتچىلەرنىڭ كۆچۈشىنى ئۆزلۈكىدىن توختۇتۇشى لازىم. شەرقى تۈركىستان جىنايەتچىلەرنىڭ، تۇتقۇنلارنىڭ « ئۆزگەرتىش مەيدانى » ، « سۈرگۈن مەركىزى » بولماسلىقى كېرەك. ئەمىلىيەتتە، خىتاي ھەربى رايونغا قاراشلىق بولغان ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش ئەسكەرلىرىنىڭ پائالىيىتىنى توختۇتۇش كېرەك. بۇلار ئائىلىسى بىلەن بىرلىكتە كەلگەن يېرىگە كىتىشى كېرەك. شەرقى تۈركىستان خەلقىنىڭ ئۆز زېمىنلىرىدا ئىختىيارى يېرىپ - كىلىش، ماكانلىشىش ھوقوقىغا بولغان چەكلىمىلەر ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشى لازىم. بولمىسا رايون قانلىق ئېتنىك ئۇرۇشلار مەيدانىغا ئايلىنىپ قالىدۇ.

9 . مەجبۇرى تۇغۇت چەكلىمىسى ۋە تۇغۇت ئوپىراتسىيىسى

خىتايدا 1979 - يىلىدىن بېرى مەجبۇرى پىلانلىق تۇغۇت ئىجرا قىلىنماقتا. «پىلانلىق» ئەمەس، « تۇغۇت چەكلىمىسى » بار. بۇ پىلاننىڭ ئىجراسىدائىنسان ھەقلىرى دەپسەندە قىلىنماقتا.

1) پىلاندىن سىرىت بالا تاپقانلار جازالانماقتا، جازانى بېرەلمىگەنلەرنىڭ ئۆيلىرى تارتىۋىلىنماقتا، ئىش ئورنىدىن ھايدالماقتا.

2) پىلاندىن سىرىت تۇغۇلغان بوۋاقلار خىتاي پىلانلىق تۇغۇت مەسئوللىرىنىڭ مەجبۇرلىشى بىلەن دوختۇرلار تەرىپىدىن ئاتا - ئانىسىنىڭ رازىلىقىسىز ئائىلىسىدىن ئېلىپ كېتىلمەكتە، دورا، ئوكۇل بىلەن ئۆلتۈرۈلمەكتە. بەزىدە ئانىسىنىڭ قوسىقىدىلا ئۆلتۈرۈلمەكتە.

3) ھامىلدار ئاياللار تۇغماس ئوپىراتسىيىسىگە مەجبۇرلانماقتا.

4) يېزىلاردا ھامىلدار ئاياللار مەجبۇرى ھالدا تىببى تەدبىرسىز ئوپىراتسىيە قىلىنماقتا.

5) ئىككى بالىسى بارلار تەھدىد بىلەن، بىسىم بىلەن تۇغماس ئوپىراتسىيەسى قىلىنماقتا.

ھەل قىلىش چارىسى :

ئوزۇقلۇق يەتكۈزۈش، زامانىۋىلىشىش نۇقتىسىدىن خىتاينىڭ تۇغۇتنى كونترول قىلىشى ھەقلىقتۇر. ئەمما بۇ پەقەت خىتايلار ئۈچۈنلا كۈچكە ئىگە بولىشى لازىم. تىز ئېشىۋاتقان خىتاي نوپۇسىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئىجرا قىلىنىۋاتقان بۇ قانۇننىڭ ھەقلىق تەرىپى بولۇش بىلەن بىرلىكتە ، خىتاي ئەمەس ھەمدە ئەسلىدىنلا نوپۇسى ئاز بولغان شەرقى تۈركىستان خەلقىنىڭ بۇ قانۇنلارغا بويسۇنۇشقا زورلىنىشى بەكمۇ ھەقسىزلىكتۇر. شەرقى تۈركىستان خىتايدىكى نوپۇسى ئەڭ تۆۋەن بولغان رايون. ھەر كىلومىتىر كىۋادرات يەرگە 8.8 كىشى توغرا كېلىدۇ. ئۆزبەكىستاندا 47 كىشى توغرا كېلىدۇ. بۇ نۇقتىدىن شەرقى تۈركىستان پىلانلىق نوپۇس دائىرىسىدىن چىقىرىلىشى لازىم.

## 10 . ئاتوم بومبا سناقلرى ۋە مۇهىت مەسلسى

ختاينىڭ « ئاتوم تەتقىقات مەركىزى » ۋە « ئاتوم سىناق رايونى » شەرقى تۈركىستاننىڭ لوپنۇر رايونىدا. ئۇنىدىن باشقا ختاينىڭ « ئاتوم قويۇپ بېرىش بازىسى» نىڭمۇ شەرقى تۈركىستاندا ئىكەنلىكىنى كۈيسك ژورنىلى 1988 - يىلى ئاشكارىلىغان.

1964 - يىلى 16 - ئۆكتەبىر كۈنى ھىچقانداق مۇداپىئە تەدبىرى ئالماستىنلا تۇنجى ئاتوم بومبىسى ئېتىلغان ئىدى. 0 2 كىلو ئېغىرلىقتىكى بۇ بومبىنىڭ تەركىبىدە 5 كىلوتون پارتلاتقۇچ ماددا ( ت. ن. ت ) بار ئىدى. 64 - يىلىدىن بېرى 11 قېتىمى يەر ئاستىدا بولۇپ جەمى 46 قېتىم ئاتوم بومبىسى سىناق قىلىندى. 1984 - يىلىدىكى سىناقتا 150 كىلوتوندىن تۆۋەن دەپ پەرەز قىلىنغان ئاتومنىڭ شىددىتىنىڭ 6.8 بال يەر تەۋرەشنى كەلتۈرۈپ چىقارغانلىقى شۋېتسارىيە مۇتەخەسسىلىرى تەرىپىدىن ئېلان قىلىنغان. ستوككولمدىكى مەسئۇللار پارتلىغان بومبىنىڭ خىروشىمادىكى بومبىنىڭ كۈچىدىن 6 ياكى 8 ھەسسە كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى ئاشكارىلىغان. 1984 - يىلىدىكى ئاتوم سىناقلىرىدىن كېيىن شەرقى تۈركىستاننىڭ تارىخى شەھىرى قەشقەردە ئىلىپ بېرىلغان تەكشۈرۈشتە 5 مىڭغا يېقىن ياشنىڭ بىرلا ۋاقىتتا قارغۇ ياكى پالەچ بولۇپ قالغانلىقى مەلۇم بولغان.

ئۈرۈمچى رادىئوسىنىڭ 1988 - يىلىدىكى بىر ئاڭلىتىشىدا ئاتوم سىناقلىرىنىڭ تەسىرىدىن پەيدا بولغان 122 مىڭ جىگەر راكى ۋە تېرە راكىنىڭ % 54 نىڭ ئۆلگەنلىكىنى ئاشكارىلىغان. ھىچقانداق مۇداپىئە تەدبىرسىز پارتلىتىلغان ئاتوم بومبىلىرى نەتىجىسىدە رەسمى خاتىرىلەرگە قارىغاندا 210 مىڭ ، ئېنىقلىشىمىزچە 250 مىڭ ئىنسان ھاياتىدىن ئايرىلغان.

1985 - يىلى 5 - نويابىر كۈنى ئەرەپ نېۋس گېزىتىدە مارىي لوئىس ئو گاللاھان نامىدا ئېلان قىلىنغان بىر ماقالىدا ختاي پەن - تېخنىكا كومىتېتىنىڭ باشلىقى ۋۇشىڭنىڭ : «ختاينىڭ ئاتوم مۇداپىئەسىدە ئارقىدا ئىكەنلىكى، ئۆز سېستېمىنى ۋە پىلانىنى تەييارلاشتىن ئەۋەل، چەتئەللەرنىڭ مۇداپىئە سېستېمىلىرىنى تەتقىق قىلىشى لازىملىقىنى » بىلدۈرگەنلىكىنى يازدى. چۈنكى ختاينىڭ ئېنىرگىيە ئىنشائاتلىرى دەسلەپكى قۇرۇلغان ۋاقىتىدىكىگە ئوخشاش. سىناقلارنىڭ تەسىرى ياكى رادىئاكتىپ نۇرىدىن قوغدىنىش ھەققىدە رايوندىن ۋە چەتئەللەردىن كەلگەن بىر مۇنچە سۇئاللار جاۋابسىز قالدى. ماقالىدا : « ختاينىڭ رەسمى ئاخبارات ئورگانلىرىنىڭ ، بىر ئاتوم بالايى - ئاپىتىنى ۋە ئۇنىڭ پەيدا قىلىدىغان مەسىلىلىرىنى بىلدىغانلىقىنى » يازغان.

---

« ئەرەبىيا » ژۇرنىلىنىڭ 1981 - يىلى نويابىردىكى 3 - سانىدا : « ئاتوم سىناقلىرى نەتىجىسىدە رايوندا ئۆپكە، جىگەر ۋە تېرە راكلىرىنىڭ كۆپەيگەنلىكى، تېرىقچىلىقتىمۇ نۇرغۇن مەسىلىلەر ساقلانغانلىقىنى » پاش قىلغان. ئەپسۇسكى بىيجىنىڭ، شاڭخەي، نەنجىڭ دوختۇرخانىلىرىدا ھەر يىلى ئاتوم رايونىدىن ئېلىپ كېلىنگەن يۈزلەرچە ئادەمنىڭ سىناق ئەشيالىرى سۈپىتىدە داۋالىنىۋاتقانلىقى مەلۇم بولماقتا.

ئۇنىدىن باشقا بۇ رايونىدىن ختايلارغا ۋە چەتئەللەرگە چىقىرىلىۋاتقان مېۋە، كۆكتات ۋە ھايۋاناتلاردا رادىئاكتىۋ نۇر بولغاچقا قايتۇرۇلغانلىقى ، ئۈرۈمچىگە كەلگەن غەرپ دىپلوماتلىرىنىڭ پاش قىلىشىغا قارىغاندا تارىم ۋادىسىدىكى ئۆرۈكلەرنىڭ نېيلون پارچىسىدەك ۋە سېسىق ئىكەنلىكى مەلۇم بولغان.

ھەل قىلىش چارىسى :

ئاتوم سىناقلىرى داۋام قىلىدىكەن ، بۇنىڭدىن يالغۇز شەرقى تۈركىستان خەلقىلا ئەمەس، تىبەت، ھىندىستان، قازاقىستان ، قىرغىزىستان، پاكىستان قاتارلىق بارلىق دۆلەتلەرنىڭ خەلقى تەسىرگە ئۇچرايدۇ. تەبىئەت ۋە ئىنسانلارنى يوق قىلىدىغان بۇ ئاتوم سىناقلىرى دەرھال توختۇتۇلۇشى، قۇرۇلۇشلىرى پىچەتلىنىشى ئۈچۈن ختاي ھۆكۈمىتى ئاگاھلاندۇرۇلۇشى، ئىنسانلار ۋە تەبىئەتنى قۇتۇلدۇرۇشىمىز لازىم .

# تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى دۆلەت مىنىستىرلىگى

## شەرقى تۈركىستاندا يۈز بەرگەن ۋەقەلەر ھەققىدە

( 1997- يىل 3 - مارت 00146 - ھۆججىتى )

ھۆرمەتلىك ، ئىنسان ھەقلىرى ۋە مەزلۇملار ئۈچۈن ھەمكارلىق جەمىيىتى رەئىسى يىلماز ئەنساروغلۇ :

ختاي خەلق جۇمھۇرىيىتى چېگرىسى ئىچىدە شىنجاڭ ئاپتونوم رايونى دەپ ئاتىلىۋاتقان ۋە تۈرك جامائىتى تەرىپىدىن شەرقىي تۈركىستان دەپ خاتىرلەنگەن رايوندا يۈز بەرگەن ئاخىرقى ۋەقەلەرگە يېقىندىن كۆڭۈل بۆلگەنلىگىڭىز سەۋەبىدىن ئەڭ ئەۋەل شەخسەن سىزنى قۇتلايمەن.

ئىنسانىيەت 21 - ئەسىرگە قەدەم قويغان ، ختاي ھۆكۈمرانلىرىدىن بۇ مۇددەت ئىچىدە ئىقتىسادى، سىياسى ۋە مەدەنىيەت ساھەلىرىدە دۇنيا دۆلەتلىرى بىلەن ماسلىشىشنى ۋە مۇناسىۋىتىنى ئاشۇرۇشنى كۈتىۋاتقان بىر مەزگىلدە ، پەقەتلا ئىتىقادى ۋە ئەنئەنىۋى كىملىگى، ياشاش ھەققى، خەۋەر ئېلىش ۋە ساياھەت قىلىش ئەركىنلىگى دېگەندەك پۈتۈنلەي ئىنسانى تەلەپلەرگە قارشى ختاي ھۆكۈمرانلىرىنىڭ چۈشىنىكسىز بىر مەنتىق ۋە ئۇسۇلدا رايوندىكى تۈرك خەلقىگە يۈرگۈزىۋاتقان ئاسىملىياتسىيون سىياسىتىگە قارشى كىرەكلىك ئالاقە ۋە ئىپادىسىنى بىلدۈرۈشىنىڭ ، شۇنىڭدەك ئىنسانىنىڭ غورۇر ۋە ئابرويىنى تۆكىدىغان، ئاساسى ھەق ۋە ئەركىنلىگىنى بوغىدىغان ئىجرالارنىڭ دۇنيانىڭ قەيەرىدە بولسۇن، ئوخشاش قارشىلىقنى بىلدۈرۈشىنىڭ ئىنسانى بىر مەسئۇلىيەت نامايىشى ئىكەنلىگىگە ئىشىنىمەن.

ئۆتكەن شۇبەقەدىر كېچىسى قۇرئان ئوقۇغان 300 دەك تۈركنىڭ قولغا ئېلىنىشى ، شۇنىڭدەك خوتەن، ئۈچتۇرپان ۋە قەشقەر قاتارلىق تۈركلەر كۆپ ئولتۇراقلاشقان شەھەرلەردە يۈزبەرگەن نارازىلىقلار جەريانىدا مىڭلارچە ئىنسانلارنىڭ تۇتۇقلانغانلىقى، 100 ئەتراپىدىكى كۆرۈنەرلىك تۈركنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى قاتارلىق 1949 - يىلىدىن بېرى يۈز بېرىۋاتقان ئوخشاش ۋەقەلەرنىڭ ئەڭ دەھشەتلىكى ھىساپلانغان ۋە دۇنيا جامائىتى تەرىپىدىنمۇ ئىبرەت بىلەن كۆزىتىلىۋاتقان ، ئىنسانلىق ئۈچۈن نومۇس مەنبەسى بولغان بۇ

( ئاخىرى44- بەتتە )

# ياۋرۇپا ـ ئاسىيا ئىنسان ھەقلىرى جەمىيتى

## ئاخباراتى

جەمىيىتىمىزنىڭ مەقسىدى ئىنسانلارنىڭ ئىنسان شەرىپىگە يارىشىدىغان شەرتلەردە ياشىشى ۋە بۇ شەرتلەرنى يوق قىلغان بەلگىلىمىلەرگە توسقۇن بولۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتۇر.

كېيىنكى يىللاردا خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن لوپنۇر رايونىدا ئېلىپ بېرىلغان ئاتوم سىناقلىرى بۇ رايوندا ياشاۋاتقان خەلقلەرنىڭ ھايات شەرتلىرىنى يوق قىلماقتادۇر. ئاتوم سىناقلىرى نەتىجىسىدە تارقالغان رادىئاكسىيون بۇ رايوندا ياشاۋاتقان خەلقلەرنىڭ سالامەتلىكىگە تەھدىت سىلىپلا قالماستىن، كېيىن دۇنياغا كىلىدىغان ئەۋلاتلارنىمۇ يوق قىلىدىغان ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقارماقتا. ئىنسانلارنىڭ سالامەتلىكىگە زىيانلىق، تەبىئى مۇھىتنى بۇزىدىغان، باشقا جانلىقلارنىمۇ يوق قىلىدىغان بۇ ئىشلارنىڭ دەرھال توختۇتۇلۇشى شەرت.

ئاتوم سىناقلىرى بىلەن بىللە يەنە، بۇ رايوندا ياشاۋاتقان خەلقلەرنىڭ ئېتنىك كىلىپ چىقىشى سەۋەبىدىن كوللىكتىپ تۇتقۇن قىلىنىشى، ئۆزىنى ئاقلاش ھەققى بېرىلمەستىنلا يۈزلەرچە ئادەمنىڭ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىشى ھەققىدىكى خەۋەرلەر مەتبۇئات ئورگانلىرى تەرىپىدىن توغرىلانماقتا. بىز ياشاۋاتقان بۇ ئەسىرىمىزدە ئېتنىك كىلىپ چىقىشى سەۋەبىدىن ئىنسانلارنىڭ تۇتۇلىنىشى ۋە ئۆلتۈرۈلۈشى قوبۇل قىلغىلى بولمايدىغان دەرىجىدىكى ئىجرالاردۇر.

خىتاي ھۆكۈمىتىنى لوپنۇر رايونىدىكى ئاتوم سىناقلىرى ۋە شەرقى تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر تۈركلىرىگە قارشى ئېلىپ بېرىلغان ئىنسان قىرغىنچىلىقى شەكلىدىكى ئاسىملىياتسىيونى سەۋەبىدىن ئەيىپلەيمىز.

دۇنيا جامائىتى ئالدىدا پەرۋاسىز داۋام قىلىنىۋاتقان بۇ ئىنسان ھەقلىرىنىڭ دەپسەندە قىلىنىشىنى ئاشكىلىتىش ۋە نارازىلىق بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئاخبارات، نەشرىيات ئورگانلىرىنى ۋەزىپىگە ـ ئىنسانلىق ئالىمىنى بىرلىكتە قارشىلىق كۆرسىتىشكە تەكلىپ قىلىمىز.

ئۇنۇتماڭكى، جىم تۇرىۋېلىش جىنايەتكە ئورتاق بولۇش دىمەكتۇر.

ياۋرۇپا ـ ئاسىيا ئىنسان ھەقلىرى جەمىيتى

ئىجرا كومىتېتى نامىدا : رەئىسى : گۆچلۈ دېمىرچى

# ئىنسان ھەقلىرى ۋە
# مەزلۇملار ئۈچۈن ھەمكارلىق جەمىيىتى

( 1997 ـ يىلى 18 ـ فېۋرال . ئەنقەرە )

جەمىيىتىمىزنىڭ باش رەئىسى يىلماز ئەنسارئوغلۇ ، شەرقى تۈركىستاندا يېقىنقى ئىككى ھەپتە ئىچىدە يۈزبەرگەن ۋەقەلەر ۋە ئىنسان ھەقلىرىنىڭ دەپسەندە قىلىنىشى ھەققىدە خىتاي باش ئەلچىلىكىگە خەت يېزىپ ، خىتاي ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ئىجرا قىلىۋاتقان قانۇنسىز ۋە ئىنسان قىلىپىدىن چىققان قىلمىشلىرىغا نارازىلىق بىلدۈردى. ئەنسارئوغلۇ خىتاي ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ئىنسان ھەقلىرىگە خىلاپ قىلمىشلىرىنى توختىتىشنى ، مۇستەقىل كۆزەتكۈچىلەرنىڭ ۋە ئىنسان ھەقلىرى تەشكىلاتلىرىنىڭ رايوندا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشىغا روخسەت بېرىشنى تەلەپ قىلدى.

جەمىيىتىمىزنىڭ باش مەركىزى ، ھەم دۇنيا ئىنسان ھەقلىرى تەشكىلاتىغا ، ھەم ھۆكۈمەت دائىرىلىرىگە ، جەمىيەتتىكى پارتىيەلەرگە ۋە ئاممىۋى تەشكىلاتلارغا شەرقى تۈركىستاندا يۈز بەرگەن قانلىق پاجىئەگە مۇناسىۋەتلىك خەلقارا جامائەتنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈشتە بىزگە چۈشكەن ۋەزىپە ۋە مەسئولىيەتلەرنى ئەسكەرتكەن بىر مەخسۇس دوكلات ئېۋەتىپ ، بۇ ئىشقا كۆڭۈل بۆلۈش، تۈركىيە بۈيۈك ممللەت مەجلىسى جىددى توپلۇنۇپ، بۇ مەسىلىنى مۇزاكىرە قىلىش، ممللەت مەجلىسى ئىنسان ھەقلىرى كومىتېتى دەرھال بىر ھەيئەت ئېۋەتىپ تەكشۈرۈش شۇنىڭدەك قىزىلئاي ۋە قىزىل كىرىست جەمىيەتلىرىنىڭ ئارىچىلىقى بىلەن شەرقى تۈركىستانغا ئىنسانى ياردەم ئېۋەتىش ، تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىگى ب. د. ت دائىرىسىدە كېرەكلىك تەشەببۇسلاردا بولۇش قاتارلىقلار ھەققىدە تەلەپ قويدى.

جەمىيىتىمىزنىڭ باش مەركىزى تەرىپىدىن خىتاي باش ئەلچىلىكىگە ئېۋەتىلگەن خەتنىڭ ئەسلى نۇسقىسى قوشۇپ ئېۋەتىلدى.

ئالاقە ۋە كۆڭۈل بۆلۈشلەرنى تىلەپ :

مەزلۇمدەر ئاخبارات باشقارمىسى

## ئەنقەرە ختتاي خەلق جۇمھۇرىيتى باش ئەلچلىكگە:

1997 - يىلى 5 - ، 6 - فىۋرال كۈنلىرىدە شىنجاڭ ئاپتونوم رايونىدا يۈزبەرگەن نارازىلىقلارغا شۇقەدىر كىچىسى قۇرئان ئوقۇغان 30 دەك ئايالنىڭ ختتاي ساقچىلىرى تەرىپىدىن زورلۇق بىلەن ساقچى ئىدارىسىغا ئېلىپ كىتىلگەنلىكى، بۇ جەرياندا ئۈچ مۇسۇلماننىڭ قىيناپ ئۆلتۈرۈلۈپ كوچىغا تاشلانغانلىقى سەۋەپ بولغانلىقىنى ۋە ختتاي ساقچىلىرىنىڭ بۇ قانۇنسىز، ئىنسان قىلىپىدىن چىققان ئىجرالىرىدىن كىيىن ۋەقەنىڭ ئۇلغايغانلىقى ھەمدە قوزغالغان نامايىشچىلارنى باستۇرۇش ئۈچۈن ئۆلتۈرۈشلەرنىڭ باشلانغانلىقى ھەققىدىكى خەۋەرلەر ، كىيىنكى كۈنلەردە تۈرك مەتبۇئاتلىرىدا كەڭ تۈردە تارقىلىشقا باشلىدى.

ئۇيغۇرلارنىڭ قوزغۇلۇشى، نامايىشلار داۋامىدا ۋە ئاخىرىدا مىڭ كىشىنىڭ قولغا ئېلىنغانلىقى، ختتاي دائىرىلىرىنىڭ 30 دەك ئۇيغۇرنى ئېتىپ ئۆلتۈرگەنلىگى سەۋەبىدىن بولغانلىقىنى ، پەقەت ئۆتكەن پەيشەنبە كۈنى چاقماق تىزلىگىدىكى سوت بىلەن 6 ئۇيغۇر يىتەكچىنىڭ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغانلىقىنى ۋە مىڭلارچە ئادەمنىڭ تۇتۇقلانغانلىقىنى ئاخبارات ئورۇنلىرى ئېلان قىلدى.

300 دىن ئارتۇق كىشىنىڭ ھاياتىدىن ئايرىلغانلىقىغا، بەزى خەۋەرلەرگە قارىغاندا مىڭدىن ئارتۇق ئۇيغۇرنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى ۋە يارىلانغانلىقىغا دائىر بۇ خەۋەرلەر ئادەتتىكى ئىنسان ھەقلىرىگە خىلاپلىقتىنمۇ بەك ، ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن ئادەم ئۆلتۈرۈشنىڭ دۆلەتچىگىزدە ھۆكۈم سۈرىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. دۇنيادىكى دۆلەتلەر ، ئادەتتە ئىنسان ھەقلىرىنى دەپسەندە قىلىش ئەھۋاللىرىنى ئىنكار قىلماقتا. ئەمما دۇنياۋى ۋە خەلقارا بىرمۇنچە ئىنسان ھەقلىرى تەشكىلاتلىرى ۋە مۇستەقىل يەرلىك مەنبەلەر توغرىلىغان رەقەملەر ، مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىنغان خەۋەرلەرنىڭ ۋە رەقەملەرنىڭ ئىنكار قىلىنىشىغا ئىمكان بەرمەيۋاتىدۇ.

ئورۇشتا يارىلانغان ئەڭ ئاز مىڭ ئۇيغۇرنىڭ دوختۇرخانىلاردا داۋالىنىشىغىمۇ رۇخسەت بېرىلمەيۋاتقانلىقى ، نەچچە ئون ياردارنىڭ قانسىراپ ئۆلگەنلىگى ھەتتا ئۆلگەنلەرنىڭ جەسەتلىرىنىڭمۇ كۆيدۈرۈلگەنلىگى ، ئۇندىن باشقا 4 - 7 - فىۋرال ئارىسىدا نەچچە مىڭ كىشىنىڭ يىغىۋېلىش لاگىرلىرىغا سولانغانلىقى خەۋەر قىلىنماقتا. بۇ خەۋەرلەر خەلقنىڭ بېشىغا قانچىلىك ئېغىر پاجىئەلەرنىڭ كەلگەنلىگىنى كۆرسىتىدۇ. تۇتۇلغان نەچچە مىڭ كىشىنىڭ يالىڭاچلىنىپ 50 كىشىلىك گورۇپپا ھالدا شەھەردە

سازايى قىلىنغانلىقى ۋە بۇ ئارقىلىق خەلقنى پسىخولوگىيىلىك جەھەتتىن يوق قىلىشقا كىرىشكەنلىكى ھەققىدىكى ھۆججەتلەر بولسا ئىنسانلىق نامىغا نومۇس قىلغۇدەك ئىشتۇر.

ھامىلدار ئاياللارنىڭ ئۆيلىرىدىن مەجبۇرى ھايدىلىپ تۇغماس قىلىنىشى، كوللىكتىپ ئوپېراتسىيە قىلىنىشى، چەكلىمىنىڭ سىرتىدا تۇغۇلغان بوۋاقلارنىڭ تېخى ئانا دىدارىنى كۆرمەستىن تۇغۇلۇپلا ئۆلتۈرۈلۈشى، ئۆلتۈرۈلگەن كىشىلەرنىڭ ئەزالىرىنىڭ سېتىلىشى قاتارلىقلار خىلى ۋاقىتتىن بېرى خەلقارا ئىنسان ھەقلىرى تەشكىلاتلىرىنىڭ دوكلاتلىرىدا تەكىتلەنگەن ئىدى.

قارشى چىققانلارغا ھېچبىر ياشاش ھەققىمۇ بەرمىگەن خىتاي دائىرىلىرىنىڭ ياشاش ھەققى بىلەن بىرلىكتە ئادالەت، باراۋەرلىك، ئادىل ھۆكۈم، ئۆزىنى ئاقلاش، قىيىن-قىستاقتىن قوغدىنىش، سالامەتلىك ھەققى، چۈشەنچە ئەركىنلىكى، دىن ئەركىنلىكى قاتارلىق بىرمۇنچە شەخسى ھەق ۋە ئەركىنلىكلىرى، ئېتنىك كىملىك خەلقلىرىنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقى، بىلىم ئېلىش، خەۋەر ئېلىش ھوقۇقى، مەتبۇئات ھوقۇقى قاتارلىق كوللىكتىپ ھەق ۋە ئەركىنلىكلىرىنىڭ خالىغانچە دەپسەندە قىلىنغانلىقى ۋە پۈتۈن خەلق بېسىم ۋە دەھشەتلىك دۆلەت تېرورىغا دۇچ كېلىۋاتقانلىقى ئاشكارىلانماقتا.

ئۇيغۇرلار مۇستەقىللىقنى، ئۆز ئىستىقبالىنى بەلگىلەش ھوقۇقىنى، ئىنسان كەبى ياشاش ھەققىنى، خىتايلارنىڭ رايوندىكى ئاتوم سىناقلىرىنى توختۇتۇشنى، مەجبۇرى تۇغۇت چەكلەش، مەجبۇرى خىتايغا ئەرگە تېگىش، تۇپراقلىرىغا خىتايلار يەرلىشىۋېلىش ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئىشغالىيەت ۋە ئاسىمىلياتسىيە سىياسىتىنى توختۇتۇش قاتارلىق ئەڭ تەبىئى ھەق ھەم ئەركىنلىكلىرىنى تەلەپ قىلماقتا.

ئىنسان ھەقلىرى ۋە مەزلۇملار ئۈچۈن ھەمكارلىشىش جەمىيتى دۆلەتلەرنىڭ بۇ ئىنسان ھەقلىرىنىڭ دەپسەندە قىلىنىشى ۋە ئاسىمىلياتسىيە قىلىنىشلىرىنى ئەيىپلەيمىز. قانۇنسىز سىياسەتلەرنىڭ، ھۆكۈمەلەرنىڭ توختۇتۇلۇشىنى، 18 ياشقا توشمىغان تۇتۇلغانلارنىڭ قويۇۋېتىلىشىنى، تۇتۇلغانلارنىڭ ئائىلىسى بىلەن كۆرۈشتۈرۈلۈشىنى، يىغىۋېلىش لاگېرلىرى ۋە تۈرمىلەردىكى 5 8 مىڭ كىشىنىڭ ئىنسان ھەقلىرىگە ۋە ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىدىغان مەھكىمىلەردە سوت قىلىنىشىنى، كوللىكتىپ تۇغۇت چەكلىمىسى ۋە ئوپېراتسىيەسىنىڭ يوق قىلىنىشىنى، چۈشەنچە ۋە دىن ئەركىنلىكى ئالدىدىكى چەكلىمىلەر ئېلىپ تاشلىنىشىنى تەلەپ قىلىمىز.

ئىنسان ھەقلىرى ۋە مەزلۇملار ئۈچۈن ھەمكارلىشىش جەمىيتى، ئەگەر دۇنيا

مەتبۇئاتىدىكى خەۋەرلەرنى ھەقىقەتتىن يىراق دەپ ئويلىساڭلار ، ھۆكۈمىتىڭلارنىڭ خەلقارا تەرەپسىز كۆزەتكۈچىلەرۋە ئىنسان ھەقلىرى تەشكىلاتلىرىنىڭ دۆلىتىڭلاردا زۆرۈر تەكشۈرۈشلەرنى ئېلىپ بېرىشىغا رۇخسەت قىلىشى ھەققىدە ياردەمچى بولىشىڭلارنى كۈتىمىز.

ھۆرمەت بىلەن : باش رەئىس : يىلماز ئەنسارئوغلۇ

## بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى

### باش سېكرېتارلىقىغا :

ھۆرمەتلىك باش سېكرېتار

1949 - يىلى كوممۇنىست خىتايلار شەرقى تۈركىستاننى بېسىۋالغان. شۇندىن بېرى شەرقى تۈركىستان رايونىدا يۈز بەرگەن تىراگېدىيە ۋە زۇلۇم چېكىگە يەتتى.

لوپنور رايونىدىكى ئاتوم سىناقلىرى ، ئۇ يەردە ياشاۋاتقان شەرقى تۈركىستانلىقلار ئارىسىدا جىددى كېسەللەرنى پەيدا قىلماقتا ، ئۆلۈمگە سەۋەپ بولماقتا. خىتاي دائىرىلىرىنىڭ ئىجرا قىلىۋاتقان ئېتنىك ئايرىمچىلىق ۋە ئاسسىمىلياتسىيون سىياستى ، ئىنسان قېلىپىدىن چىققان تۇغۇت چەكلەش ھەرىكىتى بىلەن قوشۇلۇپ پۈتۈن دۇنياغا ئوچۇق ئاشكارىلانغان.

1997 - يىلى 4 - فېۋرال غۇلجىدا چىققان ۋەقەلەرنەتىجىسىدە خەلققە رەھىمسىزلىك بىلەن مۇئامىلە قىلغان ۋە ئادەم ئۆلتۈرگەن خىتاي مۇداپىئە كۈچلىرىنى ئەيىپلەيمىز. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ، سىزنى بىرلەشكەن مىللەتلەر تەشكىلاتى باش سكرېتارى سالاھىيتى ۋە مەدەنى ئىنسانلار نامى بىلەن ۋەزىپىڭىزنى ئورۇنلاشقا تەكلىپ قىلىمىز.

جانابىڭىزنىڭ ۋەقەنىڭ جىددىلىگىنى ھىساپقا ئېلىپ ئەستايىدىل كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىڭىزغا ئىشىنىمىز. يەر يۈزىدىكى پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ تىنچلىق ئىچىدە ۋە ھۆررىيەت ئىچىدە ياشىشى تەبئى ھەققىدۇر. ب. د. ت خەۋپسىزلىك كومىتېتىنىڭ دائىمى ھەيئەت ئەزاسى بولغان خىتاينىڭ ئىنسان ھەقلىرى ۋە ئاز سانلىقلارنىڭ ھەقلىرىگە ھۆرمەت قىلىشى ئۈچۈن كېرەكلىك تەدبىرلەرنىڭ ئېلىنىشىنى ئۈمىت قىلىمىز.

ھۆرمەت بىلەن :

تۈركىيەدىكى بارلىق ئاممۇى تەشكىلاتلار ( ئىمزا )

رېفاھ پارتىيىسى

تۈركىيە بۈيۈك مىللەت مەجلىسى گۇرۇپپا باشكانلىغى
( 1997ـ 3 ـ 24 ــــــ 817 نومۇرلۇق )

تۈركىيە بۈيۈك مىللەت مەجلىسى باشكانلىقىغا :

شەرقى تۈركىستانغا مۇناسىۋەتلىك سوئاللارنىڭ مىللى خەۋپسىزلىك باكانى ھۆرمەتلىك تۇرھان تايان تەرىپىدىن ئوچۇق ۋە نەق بىر شەكىلدە يېزىق ئارقىلىق جاۋاپلاندۇرۇلۇشىنى ئېھتىرام بىلەن ئۈمىد قىلىمىز.

ھاتاي مىللەت ۋەكىلى دوكتور مەھمەت سىلاي

1 ـ قىزىل خىتاينىڭ رەسمى قارىشى ۋە ئىسمى بويىچە، 1997 ـ يىلى 20 ـ مارت كۈنىدىكى تۈركىيە بۈيۈك مىللەت مەجلىسىنىڭ 71 ـ قېتىملىق باش قوشۇشىدا جانابى ئالىلىرىنىڭ بىرىنچى ئادەتتىن تاشقىرى يىغىلىشقا جاۋاپ بەرگەندە ئىپادە قىلغىنىڭىزدەك « شىنجياڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى » ئەمەس، ھۆر دۇنيانىڭ، تۈرك مىللىتىنىڭ مىڭسىدىكى شەرقى تۈركىستاندا 4 ـ فېۋرال يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنىڭ سەۋەبى نېمە ؟
2 ـ قىزىل خىتاينىڭ خەۋپسىزلىك كۈچلىرى بىلەن شەرقى تۈركىستان خەلقى ئارىسىدا باشلانغان توقۇنۇشلار قايسى دەرىجىدە داۋاملىشىۋاتىدۇ ؟
3 ـ ھازىر قانچە مىڭ ئىنسان خىتاي لاگېرلىرىدا ۋە ئاقىۋىتى قانداق بولۇۋاتىدۇ ؟
4 ـ شەرقى تۈركىستاندا ئىنسان ھەقلىرىنىڭ دەپسەندە قىلىنىشى ياۋروپا پارلامېنتوسىنىڭ قاچانقى يىغىنىدا، قايسى دوكلاتتا ئىسپاتلاندى ۋە بۇنىڭ ماھىيەتلىك مەزمۇنى نېمە ؟
5 ـ تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ۋە ئىسلام ئالى كېڭىشى شەرقى تۈركىستاندىكى ئاتوم سىناقلىرىغا ، مۇسۇلمان ئۇيغۇر خەلقىگە يۈرگۈزۈلگەن نوپۇس پىلانىغا ۋە 4 ـ فېۋرالدىن بىرى داۋاملىشىۋاتقان ۋەقەلەرگە نىسبەتەن بۈگۈنگىچە نېمە قىلدى؟ قانداق پوزىتسىيە تۇتتى ؟

رېفاھ پارتىيىسى

تۈركىيە بۈيۈك مىللەت مەجلىسى گۇرۇپپا باشقانلىقى

( 1997ـ 3 ـ 25 ـــــ 818 نومۇرلۇق )

## تۈركىيە بۈيۈك مىللەت مەجلىسى باشقانلىقىغا :

ئۆتكەن كۈنلەردە، ئەنقەرە، ئىستانبۇل، قەيسىرى قاتارلىق شەھەرلەردە خەلقىمىز شەرقىي تۈركىستاندا مەيدانغا كەلگەن كىيىنكى ۋەقەلەرنى ئەيىپلەش ۋە مەتبۇئات ۋاستىسى بىلەن پۈتۈن دۇنياغا ئاڭلىتىش مەقسىدىدە نۇرغۇن مەيدان يىغىلىشى، زال ئىچى يىغىنلىرى ئۆتكۈزدى. بۇندىن ئىلگىرىمۇ شەرقىي تۈركىستان، موڭغۇلىستان، تىبەت قاتارلىق قىزىل خىتاي ئىشغالىيىتى ئاستىدىكى رايونلاردا يىللاردىن بېرى ئىنسان ھەقلىرىنىڭ دەپسەندە قىلىنىشى ھەققىدە مەلۇماتلار كېلىۋاتاتتى.

پەقەت كىيىنكى خەۋەرلەر ئۇيغۇر تۈركلىرىنىڭ مىللىي قىرغىنچىلىققا ئۇچراۋاتقانلىقىنى ئىسپاتلىماقتا.....

خەلقارا مەتبۇئاتتىن ھەر يەردىن ھەر كۈنى بىرر رايوندا ئۆلۈم خەۋەرلىرىنى ئوقۇۋاتىمىز. تېلېۋىزىيونلىرىمىزدا پۇتبول مۇسابىقىسى كۆرسەتكەندەك، تىزلاندۇرۇلغان، قوللىرى باغلانغان مۇسۇلمان ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ئېتىپ ئۆلتۈرۈلۋاتقانلىق مەنزىرىسىنى ئېچىنىش بىلەن ئىچىمىز قان يىغلاپ كۆردۇق ۋە دەرھال قوللىرىمىزنى ئېگىز كۆتۈرۈپ شەرقىي تۈركىستاننىڭ ياش شېھىدلىرىگە پاتىھەلەر ئوقۇتتۇق .

سىرتقى خەۋەر مەركەزلىرى، ئاگېنتلىقلار ۋە خەلقارا ئاخبارات مەتبۇئاتلىرى مىللىتىمىزنى چوڭقۇر قايغۇغا چۆكتۈردى.

بىرۇكسېلدىكى ئاخىرقى مەجلىستە ياۋرۇپا پارلامېنتوسى بىر دوكلات بىلەن شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىنسان ھەقلىرىنىڭ دەپسەندە قىلىنىشىنى كۆرسىتىپ ئۆتتى.

بۇ دوكلاتقا قارىغاندا، شەرقىي تۈركىستاندا ئېلان قىلىنغان ھەربىي ھالەت ۋە چوڭ شەھەرلەردىكى كوچىغا چىقىشنى چەكلەش بۇيرۇقى جەريانىدا 70 مىڭ مۇسۇلمان ئۇيغۇر تۈرك قولغا ئېلىنىپ يىغىۋېلىش لاگېرلىرىغا سولاندى. سوغۇق، ئاچارچىلىق ۋە قىيىن ـ قىستاق نەتىجىسىدە 15 ـ 25 ياش ئەتراپىدىكى ياشلار ئۆلۈشكە باشلىدى.... پۈت قوللىرى سۇندۇرۇلغان مىڭلارچە ياش ساقچى نازارىتىدە داۋالىنىشقىمۇ چىقالمايۋاتىدۇ.٠٠

تۇرپان، يەركەن ۋە قەشقەردە كوچا سوقۇشلىرىنىڭ سەھرالاردىكى پارتىزان ئۇرۇشىغا ئۆزگەرگەنلىكى ھەققىدە خەۋەرلەر كەلمەكتە.

ياردىمنى كىرگۈزۈش ئۈزۈلۈپ قالماسلىقى ئۈچۈن بوسىاغا ، پەلەستىنگە ۋە چېچەنىستانغا قارىغاندا پۈتۈنلەي ئىمكانسىزلىق ھالىتىدە تۇرماقتا .

ئۆز ۋەتىنىدە ئېتىقادى بىلەن ئەركىن ياشاش ئۈچۈن قوزغالغان مۇسۇلمان ئۇيغۇر تۈركلىرىگە ۋە قىزىل خىتاينىڭ تۆمۈر تاپىنى ئاستىدا 50 يىلدىن بۇيان ھايات ھەققى تارتىۋېلىنغان شەرقى تۈركىستان مەزلۇملىرىگە ياردەم قىلىش مىللى ۋەزىپىمىزدۇر ، ئىنسانى ۋەزىپىمىزدۇر ۋە ئىسلامى ۋەزىپىمىزدۇر .

يەنە كېلىپ، ئۇنۇتماسلىقىمىز كېرەككى : شەرقى تۈركىستان خەلقى بىلەن ئانادولۇ خەلقى بىر مىللەتنىڭ بالىلىرى، بىر دادىنىڭ ئەۋلاتلىرى، بىر ئىماننىڭ مەنسۇپلىرىدۇر .

شەرقى تۈركىستان ئۈچۈن دوكلات يىغىنلىرى، مەيدان يىغىلىشلىرى ئۆتكۈزۈلگەندىن كېيىن، ئانادولۇنىڭ شەھەر ـ يېزىلىرىدا شەرقى تۈركىستاننىڭ ئىستىقلالى ئۈچۈن ئىمزا كامپانىيەلىرى ۋە بانكا ھساپلىرىغا نەق ياردەم باشلاندى .

دېموگراتىيەدە بىر مەجلىسنىڭ مەۋجۇتلىكى خەلقنىڭ تەلەپلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇش بىلەن مۇمكىن بولالايدۇ . مىللەت ئىرادىسىنىڭ تەمسىلچىسى بولغان تۈركىيە بۈيۈك مىللەت مەجلىسى ۋە بۇ مەجلىستىن چىققان ھۆكۈمىتىمىز تەرىپىدىن شەرقى تۈركىستان داۋاسىنى دەرھال خەلقارا سەھنىگە ئېلىپ چىقىشىمىز لازىم. ئىنسان ھەقلىرى نامىدىن ئەتە بەك كەچ قىلىشىمىز مۇمكىن. خەلقارا مۇناسىۋەتلەرنى كۆزىتىپ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى خەۋپسىزلىك كومىتېتىنىڭ كۈنتەرتىۋىگە كىرگۈزۈشىمىز لازىم. شەرقى تۈركىستاندىكى ئىنسان ھەقلىرىنىڭ دەپسەندە قىلىنىشىغا قارشى كۆزەتكۈچى ھەيئەتلەر ئىۋەتىشىمىز لازىم. مەيلى ئىسلام ئالى كېڭىشىدە ، مەيلى د ـ 8 دە ( سەككىز مۇسۇلمان دۆلەت بىرلىگى ) ئېچىلغان مەجلىسلەردە مۇزاكىرىگە قويۇلۇشى لازىم .

ئىنسانى ياردەم مەقسىدىدە، قىزىل ئاي ۋە قىزىل كىرىست جەمىيەتلىرىنىڭ ۋاستىسى بىلەن شەرقى تۈركىستانغا جىددى ياردەم يەتكۈزۈپ بېرىلىشى لازىم .

تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى ئاساسقانۇنىنىڭ 98 ـ ماددا 4 ـ ئابزاستا ۋە مەجلىس بەلگىلىمىسىنىڭ 101 ـ ماددىسىدا كۆرسىتىلگەنلەرگە ئاساسەن ...... كۈنى مىللىتىمىز ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان شەرقى تۈركىستان مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلىش ئۈچۈن بىر باش قوشۇش ئېچىلىشىنى ۋە بۇنىڭ ئەمىلىلىشىشى ئۈچۈن مۇۋاپىق قارار ئېلىنىشىنى ھۆرمەت بىلەن ئىلتىماس قىلىمىز .

ھۆكۈمەت يۈرگۈزۈۋاتقان رېفاھ پارتىيىسى

51 نەپەر مىللەت ۋەكىلى ئىمزاسى

## تۈركىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىگى

ئامېرىكا، تىنچ ئوكيان ۋە يىراق شەرق دۆلەتلىرى مۇناسىۋىتى باش مۇدىرلىگى

( 1997 .5 .26 ـــ 433 ـ ھۆججىتى )

### تۈركىيە بۈيۈك مىللەت مەجلىسى باشكانلىقىغا:

رىفاھ پارتىيىسى ھاتاي مىللەت ۋەكىلى ھۆرمەتلىك مەھمەت سىلاينىڭ سوئاللىرىدا شەرقى تۈركىستان ھەققىدە تەلەپ قىلىنغان مەسىلىلەرگە ئائىت بىلىم ۋە كۆزقاراشلىرىمىزنى تۆۋەندىكى ماددىلاردا ئۇقتۇرىمىز.

1 ـ بېيجىڭدىكى باش ئەلچىلىكىمىزنىڭ ئاخباراتى ۋە چەتئەل مەتبۇئاتىنىڭ خەۋەرلىرىگە ئاساسلانغاندا، شىنجياڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوندىكى ۋەقەلەر 1997 ـ يىلى 4 ـ فېۋرال كېچىسى رايوننىڭ غەربى شىمال قىسمىدىكى قازاقىستان چېگرىسىغا 40 كىلومېتىر كېلىدىغان يىنىڭ ( غۇلجا ) شەھرىدە خىتاي ساقچى كۈچلىرىنىڭ شۈۋقەدىر كېچىسى بىر ئائىلىگە بېسىپ كىرىپ تۇتقۇن قىلىشى بىلەن باشلىنىپ، خەلقنىڭ بۇنىڭغا قارشىلىق كۆرسىتىشى نەتىجىسىدە ۋەقە جىددى دەرىجىگە كۆتۈرۈلدى.

ئۇيغۇرلارنىڭ نامايىشلىرى خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى دائىرىلىرى تەرىپىدىن قوپال بىر شەكىلدە باستۇرۇلدى ۋە جاۋاپكارلار ئېغىر جازالارغا ئۇچرىدى.

خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى دائىرىلىرى شۇنىڭدىن كېيىن، خىتاينى پارچىلاش مەقسىدىدىكى بۇ خىل پائالىيەتلەرگە يول قويۇلمايدىغانلىقىنى، بۇ مەسىلىنىڭ خىتاينىڭ ئىچكى ئىشى ئىكەنلىكىنى، بۇ خىل ۋەقەلەرنىڭ كەسكىن ھالدا باستۇرۇلىدىغانلىقىنى ۋە جاۋاپكارلارنىڭ سوروشتۇرۇلۇپ جازالاندۇرۇلىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى. ئۇندىن باشقا رايوندىكى مەسئۇللارغا بۇ ھەقتە يولىيورۇق بېرىلدى.

ئاخىرىدا، رايوندا چىقىۋاتقان « شىنجياڭ گېزىتى » ئىسىملىك رەسمى ئورگان گېزىتىنىڭ بىر خەۋىرىدە بۆلگۈنچى ھەرىكەتلەرگە قارشى كۈرەش قىلىش ئۈچۈن يېڭى بىر سەپ ئېچىلغانلىقىنى، بىر ئاي ئىچىدە ئالدى بىلەن ئاساسى قاتلام ۋە مەكتەپلەردە مىللەتلەر ئىتتىپاقىنى كۈچەيتىش مەزمۇنىدىكى تۈرلۈك تەشۋىقاتلارنى ئېلىپ بارىدىغان گۇرۇپپىنىڭ مىللى بىرلىكنى ساقلاشتا زور رول ئوينايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان ماتېرىياللار بېيجىڭدىكى باش ئەلچىخانىمىزغا يەتكۈزۈلگەن.

شىنجياڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوندا ئۈزلۈكسىز بەزى ۋەقەلەرنىڭ يۈز بېرىۋاتقانلىقى

خەۋەر قىلىنغان بولسىمۇ، بىۋاستە مەلۇمات ئالماق تەس بولماقتا. ئەپسۇسكى، چەتئەل مەنبەلىرىدىكى خەۋەرلەرمۇ بىر - بىرى بىلەن ئوخشىمايدۇ.

2 - ھەممىگە مەلۇم بولغىنىدەك، تۈركىيە خەلقارا تەشكىلاتلارنىڭ ئەزاسى بولۇپ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ئەھدىنامىلىرىغا ۋە بەلگىلىمىلىرىگە بويسۇنۇش مەجبۇرىيىتىنى ئۈستىگە ئالغان.

ئۇنىڭدىن باشقا يەنىلا مەلۇم بولغىنىدەك، باشقا دۆلەتلەرنىڭ مۇستەقىللىق، ئۆز - ئۆزىگە خوجا بولۇش، زېمىن پۈتۈنلۈكىگە ھۆرمەت قىلىش، ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلاشماسلىق قاتارلىقلار تاشقى دىپلوماتىيەمىزنىڭ ئەڭ باشتىكى بايانلىرىدىندۇر.

بۇ دائىرىدە، ئەمەلىيەت كۆرسەتكىنىدەك، تۈركىيەنىڭ ئۆز تۇپراقلىرىدا خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ پارچىلىنىشىغا ئېلىپ بارىدىغان مەزمۇن ياكى كۆرۈنۈشنى بېرىدىغان ۋەياكى بۆلۈنۈشنى تەشۋىق قىلىدىغان ھەرىكەت ۋە ئۇرۇنۇشلارغا يول ئېچىپ بېرىشى مۇمكىن ئەمەس.

3 - بۈگۈن شەرقى تۈركىستان، شىنجياڭ - ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى نامى ئاستىدا خىتاي تۇپراقلىرىنىڭ بىر پارچىسىدۇر.

تۈركىيەنىڭ بۇنى تارتىشىشى يوق گەپ. تۈركىيە خىتاينىڭ مۇستەقىللىق، ئۆز - ئۆزىگە خوجا بولۇش ۋە زېمىن پۈتۈنلۈكىگە ھۆرمەت قىلىشنى زىممىسىگە ئالغان.

پەقەت بۇنىڭدىن، دۆلىتىمىز نىڭ شىنجياڭ - ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا ياشاۋاتقان تۈرك نەسلىدىن بولغان ئۇيغۇر، قازاق قاتارلىق ئارىمىزدا تۇغقانلىق رىشتىسى بولغان توپلۇلۇقلارنىڭ تەقدىرى ۋە ھايات شەرتلىرى بىلەن كارى بولمايدۇ دىگەن نەتىجىنى چىقىرىشقا بولمايدۇ. تۈركىيە بۇ توپلۇلۇقلارنى خىتاي بىلەن ئارىدىكى بىر دوستلۇق كۆۋرىگى ھىساپلىماقتا ۋە بۇ ئىنسانلارنىڭ بەخت، خوشاللىق ئىچىدە، ئىنسانى شەرتلەردە ياشىشىغا چوڭ ئەھمىيەت بەرمەكتە.

بۇ مۇناسىۋەت بىلەن، مىنىستىرلىكىمىز مەيلى ئەنقەرەدە، مەيلى بېيجىڭدا، مۇناسىپ يەر ۋە ۋاقىتلاردا خىتاي رەھبەرلىرىگە، شىنجياڭ - ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى خەلقنىڭ بەختىيار، بىخەتەر ۋە خوشاللىق ئىچىدە ياشىشىغا، تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ كۆتۈرۈلۈشىگە ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىمىزنى سۆزلەپ تۇردۇق. رايوندا سەۋر - تاقەت، پاراسەت بىلەن ھەرىكەت قىلىشنى كۈتىدىغانلىقىمىزنى تەكىتلەش بىلەن بىللە، خىتاي دائىرىلىرى بىلەن ئىش بىرلىكى تۈزۈپ، تۈركىيەنىڭ بۇ رايوننىڭ تەرەققىياتىغا ھەسسە قوشۇش ئارزۇسىنى ئىپادىلەپ كەلدۇق.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، خىتاينىڭ باشقا رايونلىرىدىكىگە ئوخشاش، تاشقى دۇنيا بىلەن ئالاقىلىشىشقا ئوچۇق بولغان شىنجياڭ ـ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىغا مەبلەغ ياتقۇزۇش، ھەمكارلىشىش جەھەتتە ئىش ئادەملىرىگە داۋاملىق تەشۋىق قىلىنماقتا.

4 ـ شىنجياڭ ـ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا يۈز بەرگەن كېيىنكى ۋەقەلەر ھەققىدە مىنىستىرلىگىمىز تەرىپىدىن ئېلان قىلىنغان باياناتنى قايتا ئەسكەرتىمەن. بۇ باياناتتا بىلدۈرۈلگەن قاراشلىرىمىز ئايرىم ھالدا بېيجىڭدىكى باش ئەلچىلىكىمىز ئارقىلىق خىتاينىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرىغا تاپشۇرۇلدى.

شۇنىڭ بىلەن بىللە ، شىنجياڭ ـ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى ۋەقەلەرگە مۇناسىۋەتلىك تۈركىيە ۋە باشقا دۆلەتلەردىكى چېكىدىن ئاشقان نامايىش، بايراق يېقىش ھەرىكەتلىرى تۈركىيە ـ خىتاي مۇناسىۋەتلىرىگە زىيان كەلتۈرۈپلا قالماستىن، خىتايدىكى نەسلداش توپلۇلۇقلارنىڭ پايدىسىغا ئىش قىلىپ بېرەلمەيدۇ.

5 ـ تۈركىيەنىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ خەۋپسىزلىك كېڭىشىنىڭ بەش دائىمى ئەزاسىنىڭ بىرى بولغان خىتاي بىلەن بولغان سىياسى ، ئىقتىسادى ۋە تىجارەت مۇناسىۋەتلىرىنىڭ كېڭەيتىلىشى پايدىلىق ئىكەنلىگى ئېنىق.

بۇ شەرت ئاستىدا، شىنجياڭ ـ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا ياشاۋاتقان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ھەقلىرىنى قوغداشتا خىتاي بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىمىزنى بۇزمايدىغان بىر يول تېپىشىمىزغا توغرى كېلىۋاتىدۇ.

6 ـ خىتايدىكى ئىنسان ھەقلىرى مەسىلىسى، ئامېرىكا ۋە غەرب دۆلەتلىرى تەرىپىدىن كەڭ كۆلەمدە ئەيىپلەنمەكتە ۋە بۇ مەسىلە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئىنسان ھەقلىرى كومىتېتىنىڭ يىللىق مۇزاكىرىسىدە ئوتتۇرىغا قويۇلدى ھەمدە دوكلاتلىرىدا تەكىتلەندى.

ئاخىرقى قېتىم دانىيە باشچىلىقىدا ۋە ئامېرىكا ، ھوللاندىيە، ئەنگلىيە، بېلگىيە، ئاۋستىرىيە، پورتۇگالىيە، لىيۇكسېمبۇرگ، ئېرلاندىيە، شۋېتسارىيە، نورۋېگىيە، ئىسلاندىيە، فىنلاندىيە، لىختىنشتېين لار ئورتاق ھازىرلىغان « خىتايدىكى ئىنسان ھەقلىرى » ماۋزۇلۇق قارار تىزىسى، كومىسسىيوندىكى ئاۋازغا قويۇشتا رەت قىلىندى. ياۋروپا بىرلىگىنىڭ ئەزاسى بولىشىغا قارىماي فىرانسىيە، گېرمانىيە، ئىسپانىيە، ئىتالىيە ۋە گىرېتسىيە قاتارلىقلار ئورتاق قارارغا قوشۇلمىدى. ياۋروپا بىرلىگى بىلەن بىرلىكتە ھەرىكەت قىلىش ئۈچۈن ئاۋازغا قويۇشتا خىتاينىڭ پايدىسىغا ئاۋاز بېرىپ ، ئاخىرىدا قارار رەت قىلىندى.

دانىيە نىڭ ئوتتۇرىغا قويغان قارار تىزىسىدا ، بۇنىڭدىن ئەۋەلقىلەرگە ئوخشاش،

خىتاينىڭ ئىنسان ھەقلىرىنى دەپسەندە قىلىشى ئەيىپلەنگەن بولۇپ، يالغۇز شىنجياڭ - ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىلا تەكىتلەنگەن ئەمەس.

7 - ئۇنىڭدىن باشقا، خىتاي بىلەن بەك يېقىن سىياسى، ئىقتىسادى، تىجارەت ۋە ھەربى مۇناسىۋىتى بار بولغان ئىسلام كېڭىشى تەشكىلاتىغا ئەزا دۆلەتلەر كىيىنكى ۋەقەلەر ھەققىدە رەسمى نارازىلىق بىلدۈرمىدى ۋە ھېچقانداق رەسمى بىر بايانات ئېلان قىلمىدى. كىيىنكى ۋەقەلەر ئىسلام كېڭىشى دۆلەتلىرىنىڭ مەتبۇئاتلىرىدا خەۋەر قىلىندى ۋە پات - پات شىنجياڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى ئىنسان ھەقلىرىنىڭ دەپسەندە قىلىنىشى ھەققىدە توختالدى.

تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىگىمىز 1997 - يىلى 17 - فېۋرالدا رەسمى بىر بايانات ئېلان قىلغان ئىدى. بۇ باياناتىمىز ھەققىدە، ئىشلىرىمىزنى يېقىندىن كۆزىتىپ تۇرغان شەرقى تۈركىستان مىللى مەركىزى 18 - فېۋرال كۈنى 13 - نومۇرلۇق ئاخباراتىدا مىنىستىرلىگىمىزگە تەشەككۈر بىلدۈرگەن ئىدى.

8 - بۇ جەرياندا ياۋرۇپا پارلامىنتوسىنىڭ ئاپرېل يىغىلىشىدا تېما تۈنجى قېتىم « شەرقى تۈركىستان » بولۇپ ئوتتۇرىغا قويۇلدى. 1997 - يىلى 9 - ئاپرېل كۈنى مەرھۇم ئەيسا ئالپتېكىننىڭ ئوغلى ئەركىن ئالپتېكىن مۇخپىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنىدا سۆزلىدى.

ياۋرۇپا پارلامىنتوسى 1997 - يىلى 10 - فېۋرال كۈنى « شەرقى تۈركىستاندىكى ئىنسان ھەقلىرىنىڭ دەپسەندە قىلىنىش ئەھۋالى » دىگەن تېمىدا بىر قارار ماقۇللىدى.

مەلۇماتىڭىزلارغا ھۆرمەت بىلەن سۇنىمەن :

تاشقى ئىشلار مىنىستىرى، باشباكان ياردەمچىسى :

پروفىسسوردوكتور تانسۇ چىللەر

# ياۋرۇپا پارلامېنتوسىنىڭ قارارى

## شەرقى تۈركىستاندىكى ئىنسان ھەقلىرىنىڭ دەپسەندە قىلىنىشى

( 1997 ـ يىل 10 ـ فېۋرال كۈنى )

ختايدىكى ئىنسان ھەقلىرىنىڭ نۆۋەتتىكى ئاقىۋىتىگە ۋە شەرقى تۈركىستاندىكى بارغانسىرى كۈچىيىۋاتقان مۇقىمسىزلىققا دىققەت قىلىش كېرەك .

ئا. شەرقى تۈركىستاندىكى بارغانسىرى كۈچىيىۋاتقان مۇقىمسىزلىققا كۆڭۈل بۆلۈش .

ب. دەسلەپتە ئىسلامى، كېيىن مىللى ئۇيغۇنۇش بولۇپ ئوتتۇرىغا چىققان شەرقى تۈركىستاندىكى ۋەقە قاتناشچىلىرىنىڭ 20 ـ مارتتا تۇتقۇن قىلىنىشى بىزنى سەگەكلەشتۈردى.

س. ختاي ھۆكۈمىتىنىڭ يېزىلگەن كىشىنى قولغا ئالغانلىقى ۋە نۇرغۇن ئۇيغۇلارنى ئېتىپ ئۆلتۈرگەنلىگى ۋەقەسى بىزنى سەگەكلەشتۈردى.

د. بومبا ۋە باشقا زوراۋانلىقلارنىڭ ئىنكار قىلىنىشىغا دىققەت قىلىش كېرەك.

ئې. شەرقى تۈركىستاندىكى ئىنسانلارنىڭ دىنى ئەركىنلىگىنىڭ قاتتىق بېسىمغا ئۇچرىغانلىقى، يۈز نەچچە قۇرئان كۇرسلىرىنىڭ تاقالغانلىقى ۋە 180 نەپەر دىنى زات، پىروفىسسور، ئوقۇغۇچىلارنىڭ قولغا ئېلىنغانلىقىغا دىققەت قىلىش كېرەك .

ف. ئۇيغۇر خەلقىگە قارىتىلغان ئىرقى كەمسىتىشلەرگە قارشى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشلىرىگە نەزەر سىلىش كېرەك.

گ. 1989 ـ يىلى تيەنئەنمېن مەيدانىدا يۈز بەرگەن چوڭ قىرغىنچىلىقتىن كېيىن، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئىنسان ھەقلىرى كومىتىتى ۋە ياۋرۇپا ئورتاق گەۋدىسى ختاي ھەققىدىكى خۇلاسىلارنى قايتىدىن كۆزدىن كەچۈردى ھەمدە ختاي توغرىسىدىكى سىياسەتلەرىنىڭ يېتەرسىز بولىۋاتقانلىقىنى بۇ يىل جەنۋەدە قاراپ چىقىدۇ.

1 ـ ختاي ھۆكۈمىتى.تەرىپىدىن پىلانلانغان ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى يوق قىلىش ، ئىسلامى ئېتىقادلارنى چەكلەش سىياسەتلىرى، ئۆلۈم جازاسى بېرىش، كۆچمەنلەرنى يەرلەشتۈرۈش، ئاھالىلارنى كونترول قىلىش، پىلانلىق تۇغۇت چەكلىمىسى سىياستى قاتارلىق سىياسەتلەر ھەممىسى ختايلار تەرىپىدىن مەجبۇرى ئېكىلگان.

2 ـ ختاي ھۆكۈمىتى 1997 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن ئىتىۋارەن نامايىشقا

قاتناشقان بولسمۇ خەلقارا جىنايەت ئۆلچىمىگە توشىمغانلارنى دەرھال قويۇپ بېرىشكە، كىشلەرنىڭ خەۋەرلىشش ھوقۇقى، قوغدىنىش ھوقۇقى، ئادۋوكات چاقىرىش ھوقۇقى قاتارلىقلارغا ھۆرمەت قىلىشقا چاقىرىش .

3 ـ خىتاي ھۆكۈمىتىنى شەرقى تۈركىستاندىكى ھەر قايسى پارتىيە- گورۇھلار بىلەن سىياسى سۆھبەت ئېلىپ بېرىشقا ، بۇ يول بىلەن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھەر خىل تەلەپلىرىنى كېڭىشىپ ، سىياسى يول بىلەن ھەل قىلىشقا چاقىرىش.

4 ـ خىتاي ھۆكۈمىتىدىن ، مۇخبىرلارنىڭ، ئىنسان ھەقلىرى تەشكىلاتى ھەيئىتىنىڭ شەرقى تۈركىستانغا كىرىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشىغا يول قويۇشنى تەلەپ قىلىش.

5 ـ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ۋە ئۇنىڭ كومىتېتلىرىدىن خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئىنسان ھەقلىرىگە ھۆرمەت قىلىشى، ئەنئەنىۋى ئادەتلەرگە ھۆرمەت قىلىشى ھەققىدە خىتاي تېررىتورىيىسى ۋە خوشنا دۆلەتلەردە كاپالەتلىك قىلىش توغرىسىدا بېسىم ئىشلىتىشنى تەلەپ قىلىش.

( بېشى 30- بەتتە )

ۋەقەلەرنىڭ جاۋاپكارلىرى تارىخ ۋە ئىنسانىيەت ئالدىدا بۇ نومۇستىن مەڭگۈلۈك قۇتۇلالمايدۇ.

بۇ مۇناسىۋەت بىلەن ، ئادالەت، باراۋەرلىك، ساقلىق، مائارىپ، ئېتىقاد ۋە پىكىر ئەركىنلىگى، خەۋەرلىشش ، ساياھەت قىلىش ھەققى قاتارلىق ئىنسانى مەقسەتلەردىكى ھەرخىل تەلەپلەرگە قارشى پۈتۈن باشقۇرغۇچىلارنىڭ ئەڭ ئەۋەل ھۆرمەت ھەم ئاكلىقلىق بىلەن يېقىنلىششى ، مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ يولىنى تېپىشى، ئۇ دۆلەتنىڭ سىياسى مۇقىملىقى ۋە ئىقتىسادى يۈكسىلىشىنىڭ ئاساسى يۆلەنچۈگى ئىكەنلىگى شۈبھىسىز. بۇ ھەقىقەتنىڭ خىتاي باشقۇرغۇچىلىرى تەرىپىدىنمۇ قوبۇل قىلىنىشى مەقسىتىدە ، ھۆكۈمەت ئەزاسى ۋە پارلامېنت ئەزالىرى تەشەببۇسلىرىمىزنى ئوتتۇرىغا قويغاندا، بىر تەرەپتىن يەنە كۆپچۈلۈكنى ھەركەتلەندۈرىدىغان بارلىق تارماقلارنىڭ ھەرتۈرلۈك ساھەلەردە پىكىرگە لازىملىق ھىسياتنى كۆرستىشنى ئۈمىت قىلىمەن.

ھۆرمەت بىلەن :

دۆلەت مىنىستىرى : گۈرجان داغداش

# شەرقىي تۈركىستان تارىخى

مەھەممەد ئىمىن بۇغرا

## تۆتىنچى بولۇم

## قاراخانلار دەۋرىدىن مۇغۇل دەۋرىگىچە شەرقىي تۈركىستان

### بىرىنچى پەسىل

### قاراخانلار

#### قاراخانلارنىڭ تىگى تەكتى ۋە دۆلىتىنىڭ قۇرۇلىشى

(بېشى 50 ـ ساندا)

قاراخانلار دۆلىتى ھۆكۈمدارلىرىنىڭ، ئوتتۇرا ئاسىيا تۈرك قەۋملىرىدىن قايسىغا مەنسۇپ ئىكەنلىكى ھەققىدە بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدىغان كۆزقاراشلار مەۋجۇد. چىن تارىخلىرىدا بۇلارنىڭ قارلۇق قەبىلىسىدىن ئىكەنلىكىنى تەخمىن قىلىنىدۇ. بەزى ھازىرقى زاماندا يېزىلغان تارىخ كىتاپلىرىدا بۇلارنى ئۇيغۇرلار دەپ يازىدۇ. لېكىن، شەرق ئۇيغۇرلىرىدىنمۇ ۋە ياكى قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەۋلاتلىرىمۇ، بۇھەقتە تەرەددۇدلىرى بار.

ھاسىلى، بۇ سۆزلار دەلىلسىز تەخمىنلاردىن ئىبارەت بولغانلىقتىن، تارىخي نەزەردە بىر ئېتىبارغا ئالغۇدەك يېرى يوقتۇر.

قاراخانلار دەۋرىدىكى مۇئەللىپلەرنىڭ ئەسەرلىرىدە ۋە باشقا تارىخي ۋە ئەدەبىي ۋەسىقىلەرگە قارىغاندا، بۇلار ئارىلىقسىز قەشقەرغا خان بولۇپ كەلگەن بىرخانىدان (جەمەتى) دۇر. بۇ قەشقەرخانلىرى جەمەتى ئۆزلىرىنى قەدىمكى قاراخانلار دىن داڭلىق «بوقاخان» (ئاپراسىياپ) نىڭ ئەۋلادى دەپ دەۋاقىلاتتى. مانا، بۇ ئېتىبار بىلەن ئۇلار ئۆزلىرىنى باشقا تۈرك خانلىرىدىن ئۈستۈن

تۇتاتتى.

شەرقىي تۈركىستان خانلىرى مىلادى 821- (ھىجرىنىڭ 206-) يىلى تىبەتلىكلەرنى يۇرتلىرىدىن ھەيدەپ چىقىرىپ مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن، قەشقەر خانى ئاستا - ئاستا كۈچلىنىپ يەكەن، خوتەن ۋە ئۈچ ئۆلكىلىرىنىڭ خانلىرىنى ئۆزىگە بويسۇندۇرۇشقا مۇۋەپپەق بولدى. كېيىنچە كۇچانىمۇ ئۆزىگە قاراتتى. شۇنىڭ بىلەن قەشقەر خانى، پۈتۈن ئالتە - شەھەرنى بىر دۆلەت قىلىپ قۇدرەتلىك مۇھىم بىر تۈرك دۆلىتى قۇرۇپ چىقتى.

بۇ دۆلەت، تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالىدىكى قارلۇق دۆلىتى ۋە كۆكچە دېڭىز (بالقاش كۆل) ئەتراپىدىكى يىغما، توخسى ئوغراق چىگىل قاتارلىق مۇستەقىل قەبىلىلەر ۋە غەربتىن ماۋرا ئۇننەھرىدىكى مۇسۇلمان سامانى دۆلىتى ۋە شەرقتىكى ئۇيغۇرلار دۆلىتىنىڭ ھۇجۇملىرىغا ئۇچراش خەۋپىگە دۇچار بولماقتا ئىدى. تەخمىنەن مىلادى 870- يىلى (ھىجرىنىڭ 256-) يىللىرى ئارىسىغا كەلگەندە، قارلۇق دۆلىتى ۋە باشقا مۇستەقىل خانلىقلارمۇ ئارقا - ئارقىدىن قەشقەردىكى ئالتە شەھەر خانىغا ئىتائەت قىلىپ ئۇنىڭ ھىمايىسىگە كىردى. شۇنىڭ بىلەن، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇب ۋە شىمالىدىكى 10 دىن ئارتۇق تۈرك خانلىق دۆلەتلىرىنى ئۆز بايراقى ئاستىدا بىرلەشتۈرۈپ، بىر بىرلەشمە (كونفېدراتسىيون) تۈرك ئىمپېراتورلىقىنى قۇرۇپ چىقتى ۋە ئۆزىنى، ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ ئۇنۋانى بولغان «قاراخان» دېگەن ئۇنۋان بىلەن ئاتىدى. ئەرەب تارىخچىلىرى، بۇرۇنقى تۈرك قاغانلىرىنى «خاقان» دەپ ئاتىغانلىرىدەك، بۇ قارا خانلارنىمۇ «خاقان الترك» دەپ يازىدۇ.

## قاراخان دۆلىتىنىڭ كېڭىيىشى

مىلادى 880- يىلى (ھىجرىنىڭ 267- يىلى)، قاراخانلار تەختىگە «بوقاخان» ئاتلىق بىر زات چىقتى.[3] بوقاخان شەرقتە، قۇرۇق تاغ تىزمىسىنىڭ جەنۇبىدىكى لوپۇ (چەرچەن)، ئابدال ۋە مىران ئۆلكىلىرىنى ئىگەللىدى. بۇ ئۆلكىلەر ئىدىقۇت ئۇيغۇر دۆلىتىگە تەۋە ئىدى. شۇنىڭ بىلەن قاراخان دۆلىتى ۋە ئۇيغۇر

دۆلىتى ئارىسىدا قۇرۇق تاغ تىزمىسى چېگرا بولۇپ قالدى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن قۇرۇق تاغ تىزمىسىنىڭ يولى ئۇستىدىكى بەزى مۇھىم يەر ۋە تاغ ئىسىملىرىنىڭ «سىگىر» دەپ ئاتىلىشى ئۇ زاماندىن قالغان ئاتالغۇ دۇر. سىگىر دېگەن تۈركچە، ھۇدۇد يەنى چېگرا دېگەن بولىدۇ . بوقا خان شەرقتىكى بۇ جايلارنى ئالغاندىن كېيىن، شىمالدىكى قارلۇقلارنى بويسۇندۇرۇش ۋە ئۇ تەرەپلەردە يەنە باشقا جايلارنىمۇ قولغا كىرگۈزۈش مەقسىدى بىلەن ھازىرقى توخماق شەھىرىگە يېقىن جايدا بولغان بالاساغۇننى پايتەخت قىلدى. ئىنجە( سىر) دەرياسىدىن ئارال كۆلىگىچە ۋە ئارال كۆلىدىن شەرققە قاراپ كۆكچە دېڭىزنىڭ شىمالىدىكى سۇرۇق تاغلىرى ( ھازىرقى پلاتىنىسكى) قوشۇلۇپ ئىرتىش دەرياسىغىچە كەتكەن پۈتۈن تۈرك يۇرتلىرىنى ئۇز ھاكىمىيىتى ئاستىغا ئالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر ئىدىقۇتىمۇ بوقا قاراخانغا تەۋە بولۇشنى قوبۇل قىلدى ۋە قاراخانلىق دۆلىتىنىڭ تېرىتورىيىسى - غەربتە پامىر تاغلىرى، سىر دەرياسى ، ئارال كۆلى شىمالىدا قىرغىز يايلاقلىرى ۋە ئالتاي تاغلىرى، لىياڭچۇنىڭ شەرقىدىكى ۋۇشى تاغلىرى جەنۇبتا تىنگۇت (كوكو) خانلىقى، قاراكۇنتاغ ، (كۇئىنلۇن) ۋە قارا قۇرۇم تاغ تىزمىلىرىغىچە كېڭەيدى. (14 نچى خەرىتىگە قاراڭ)

بوقا قارا خاندىن باشلاپ قاراخانلار نىڭ پايتەختى يازدا قەشقەر، قىشتا بالاساغۇن بولۇپ كەلگەن. ئەمما، ھەقىقى پايتەختى قەشقەر ئىدى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن قەشقەر« ئوردا كەند» (ئوردۇ كەنت) يەنى پايتەخت شەھىرى دەپ ئاتىلاتتى. بوقا قاراخاننىڭ ۋاپاتى ۋە ئۇنىڭ ئورنىغا چىققان قاراخان ھەققىدە يەنى، سۇتۇق بۇغراخانغىچە بولغان ئارلىقتىكى ۋەقەلەر ھەققىدە مەلۇماتىمىز يوق. سۇتۇق بۇغراخاننىڭ دادىسى، بارخان بۇغرا قاراخان [4] ھىجرىنىڭ 302 - يىلى ۋاپات قىلدى. بۇچاغدا ئوغلى «سۇتۇق تېكىن» كىچىك ياشتا بولغانلىقى ئۇچۇن، ئىنىسى ئىسىن بۇغرا خاننى ۋەلىئەھد قىلىپ، سۇتۇق تېكىننى ئۇنىڭ ۋەلىئەھدى بولۇشنى ۋەسىيەت قىلغان ئىدى. بارخان بوغرا قاراخاننىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، ئىسىن

خان قاراخانلىق تەختىگە چىقتى ئاكىسىنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە، سۇتۇق تېكىننى ۋەلىئەھد تەيىن قىلىپ تۈرك ئەنئەنىسىگە مۇناسىپ، سۇتۇق تېكىننىڭ ئانىسىنى نىكاھىغا ئالدى. كېيىنچە، سۇتۇق تېكىننى ۋەلىئەھدلىكتىن چۈشۈرۈپ ئۆزىنىڭ ئوغلىنى ۋەلىئەھد قىلىش خىيالىغا چۈشتى.

ئەمما، سۇتۇق تېكىن[5] غايەت ھۇشيار ۋە مۇنەۋۋەر بىر شاھزادە بولغانلىقتىن، بۇلارغا يول قويمىدى. سۇتۇق تېكىن 20 ياشتا مەخپىي بىر سۈرەتتە مۇسۇلمان بولدى.

## شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئىسلام تارىخى

قاراخانلار دۆلىتىنىڭ قۇرۇلۇشىدىن بۇرۇن غەربىي تۈركىستان تۈركلىرى تامامەن مۇسۇلمان بولغان ئىدى. غەربىي تۈركىستان ۋە شەرقىي تۈركىستان خەلقلىرى ئارىسىدا قەدىمدىن تارتىپ، مىللىي بىرلىك ۋە ئىقتىسادىي ئالاقە ناھايىتى كۈچلۈك بولۇپ، تۇغقانچىلىق ۋە سودا - تىجارەت ئىشلىرى بىلەن بۇ ئىككى مەملىكەت خەلقلىرى ئارىسىدىكى بېرىش - كېلىشلەر ئىنتايىن قويۇق ئىدى. مانا بۇ ۋاستىلەر بىلەن، ھىجرى 3 - ئەسىر ئىچىدە شەرقىي تۈركىستاندا ئىسلام دىنى خېلى تارقالغان ئىدى. غەربىي تۈركىستاندىكى بەزى ئىسلام دىنى ئالىملىرىنىڭ سودىگەرلىك قىياپىتى بىلەن شەرقىي تۈركىستانغا كېلىپ ئىمكانلىرىچە خەلقنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىشلىرى، بۇ يولدا مۇھىم رول ئوينىدى. شۇنىڭ بىلەن شەرقىي تۈركىستاندا ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشى تېز تەرەققى قىلدى. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، قەشقەر ۋە بالاساغۇن ئەتراپىدىكى خەلقنىڭ يېرىمىدىن تولاراقى مۇسۇلمان بولغان. لېكىن قاراخانلىق جەمەتى ۋە يۇرت كاتتىلىرى مۇسۇلمان بولمىدى.

مىلادىنىڭ 932 - (ھىجرىنىڭ 320 - ) يىلى، بۇخارا دىكى «سامانى» جەمەتىگە مەنسۇپ ئەبۇنەسىر سامانى ئىسىملىك ئالىم سودىگەر قىياپىتى بىلەن بىر كارۋانغا باش بولۇپ ئۆزگەند ۋە

تورغات يولى بىلەن ئارتۇچ(ئاتۇش) قا
كەلدى. يولدا بىرىيەردە يولداشلىرى بىلەن
جامائەت بولۇپ ناماز ئوقۇۋاتقان چېغىدا،
ئۇ غا چىققان سۇتۇق تېكىن بۇ يەرگە
كېلىدۇ. بۇلار نىڭ مۇسۇلمانلار
ئىكەنلىكىنى ئۇقۇپ، ئەبۇنەسىر سامانى
ناماز ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭدىن
ئىسلامنىڭ ھەقىقەتنى سورايدۇ. ئەبۇنەسىر
نىڭ ئىسلام توغرىسىدىكى بايانلىرى
سۇتۇق تېكىننىڭ قەلبىگە چوڭقۇر
تەسىرقىلدى. سۇتۇق تېكىن ھەق پەرەست
ۋە بىلىملىك بىر شاھزادە ئىدى. شۇنىڭ
بىلەن ئەبۇنەسىرنى يەنە بىر قانچە كۈن
ئارتۇچتا تۇرۇشنى بۇيرۇدى ۋە ناھايىتى
مەخپىي ھالدا، ئالدى بىلەن يالغۇز
ئۆزىگىنە مۇسۇلمان بولدى. كېيىنچە
ئۆزىنىڭ ئىشەنچلىك مۇھاپىزەتچىلىرىنى ۋە
يېقىن دوستلىرىنى يوشۇرۇن سۇرەتتە
ئىسلامغا كىرگۈزدى. ئۇندىن كېيىن باشقا
مۇسۇلمانلارنى ئۆزىگە تارتقىلى باشلىدى.
5 ـ 6 ئاي ئىچىدىلا بىرنەچچە يۈز
كىشىدىن تەركىب تاپقان ياش مۇسۇلمانلار
جەمئىيىتى سۇتۇق تېكىننىڭ رەھبەرلىكىدە
مەخپىي سۇرەتتە تەشكىللەندى. سۇتۇق
تېكىن بۇلارنى تولۇق قورالالاندۇردى.
سۇتۇق تېكىن بۇ جەمئىيەت
ئەزالىرىنى20 ـ 30 كىشىلىك گۇرۇپپىلار غا
ئايرىپ مەخپىي ھالدا قەشقەر شەھىرىگە
كىرگۈزدى. ھەربىر گۇرۇپ نى بىرەر
ئەسكىرى گازارما، ھۆكۈمەت ئىدارىسى
ۋە ياكى ھۆكۈمەتنىڭ مۇھىم كىشىلىرى
ئۇستىگە دەل ئالدىن بەلگۈلەنگەن
سائەتتە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىشنى
ئورۇنلاشتۇردى. سۇتۇق تېكىن ئۆزى،
يېنىدىكى 40 كىشىلىك مۇھاپىزەتچىلىرىنى
ئېلىپ قەشقەرگە كىرىپ ئۆگەي دادىسى
ئىسىن بۇغراخانغا مېھمان بولۇپ ئۇنىڭ
ئوردىسىغا يەرلەشتى. ھۇجۇم قىلىش
ئۈچۈن قىلىنغان پىلان بويىچە بەلگۈلەنگەن
سائەتتە سۇتۇق تېكىن 40 نەپەر
مۇھاپىزەتچىلىرى بىلەن قاراخان
ئۇخلاۋاتقان ئويىگە بېسىپ كىرىپ ئۇنى
ئەسىرئالدى. ئوردىدىكى باشقا تېكىن ۋە
مەنسەپتارلارنى تۆلتۇردى ۋە ياكى
ئەسىر ئالدى. دەل شۇ سائەتتە، باشقا
جايلارغا ھۇجۇم قىلىشقا تەيىنلەنگەن
قىسىملار مۇ ئۆز ۋاختىدا بېسىپ كىرىپ
ۋەزىپىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك بىلەن
ئورۇندىغانلىقلىرىدىن، سۇتۇق تېكىن بىر
كېچىدىلا قەشقەر شەھىرىنى ئالدى.
نۇپۇسىنىڭ يېرىمىدىن تولاراقى مۇسۇلمان
بولغان قەشقەر مۇسۇلمانلىرى تەرەپ ـ
تەرەپتىن سۇتۇق تېكىننىڭ ياردىمىغا
كەلگىلى باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن سۇتۇق

تېكىن 2 ـ 3 كۈن ئىچىدىلا يېتەرلىك كۈچ ـ قۇدرەتكە ئېرىشتى ۋە پۈتۈن قەشقەر خەلقى سۇتۇق تېكىننىڭ ھاكىمىيىتىنى قوبۇل قىلدى.

سۇتۇق تېكىن ئۆز ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملىۋالغاندىن كېيىن، ئۆزىنى «قارا خان» ئېلان قىلىپ قەھرىمان دېگەن ئۇقۇمنى بىلدۈرىدىغان «بۇغرا خان» ئۇنۋانىنى ئالدى ۋە مۇسۇلمان بولمىغان خەلقلەرنى ئىسلامغا دەۋەت قىلغىلى ۋە غازات قىلغىلى باشلىدى.

قەشقەر، ياركەند، بالاساغۇن، ئۈچ ۋە بارسغان ( ئىسىق كۆلنىڭ شەرقى) قاتارلىق ئولكەلەردە ۋە قارلۇق دۆلىتىدە ئىسلام ھېچبىر تۇسقۇنلۇق ۋە ياكى قىينچىلىققا ئۇچرىماستىن راۋاج تاپتى.

غەربىي تۈركىستاندىكى سامانى دۆلىتى، شەرقىي تۈركىستاندا ئىسلام دىنىنىڭ راۋاجلىنىشى ۋە ئىسلام ئىلمىنىڭ تەرەققى قىلىشى ئۈچۈن قاراخان سۇتۇق بۇغرا خانغا كۆپ ياردەم قىلدى. غەربى تۈركىستاندىن كۆپلىگەن ئۆلىماالار ۋە ھەدىس ئالىملىرى كەلدى. سۇتۇق بۇغرا قاراخان مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن، بەزى ئالىملار ئۇنىڭغا «عبدالكريم» دەپ ئات قويىدى. قاراخان سۇتۇق بۇغرا خاننىڭ چىقارغان ئالتۇن يارماق (تىللا) پۇللىرىدا «قاراخان سۇتۇق عبدالكريم» دېگەن ئىبارە بار. ھازىر بۇ تىللا پۇللار دىن پېترسبورغ مۇزېيى خانىسىدا ساقلانماقتا.

## سۇتۇق بۇغرا قاراخاننىڭ غازاتلىرى

سۇتۇق بۇغرا قاراخان، مۇسۇلمان بولۇپ قاراخانلىق تەختىگە چىققاندىن كېيىن، تېخىچە ئىسلامنى ھېچ قوبۇل قىلمىغان ۋە بۇددا دىنىنىڭ مەركىزى بولغان خوتەن، كۇچا ۋە سېرىق ئۇيغۇر خانلىرى، ئۇيغۇر ئىدىقۇتى قاراخانلىق مەركىزىگە ئىتائەت قىلىشنى تاشلاپ مۇستەقىللىق ئېلان قىلدى. شۇنداقلا، شىمالدىكى ئوغراق، يغما ۋە توخسى قەبىلىلىرى مۇ ئىسيان كۆتەردى.

(داۋامى بار)

# دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى

# شەرقى تۈركىستان داۋاسى تەشكىلاتلىرىغا :

1997 - يىلى 2 - ئاينىڭ 4 - كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ غۇلجا شەھىرىدە باشلانغان ئومۇمىيۈزلۈك قارشىلىق ھەرىكەتلىرى يوقىرى باسقۇچقا كۆتۈرۈلدى. خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ قانلىق باستۇرۇشى جىددىيلەشمەكتە.

غۇلجىدا نامايىشقا قاتناشقان يۈزلىگەن ئۇيغۇر مۇسۇلمانلارنى دەھشەتلىك ئۇتقۇن قىلىپ 3 مىڭدىن ئارتۇق ياشنى قولغا ئالغان خىتاي ئەسكەر - ساقچىلىرى قوراللىق قارشىلىققا دۇچ كەلدى. مەھەللە ۋە يېزىلاردىكى قوراللىق تېتىشلاردا 100 دىن ئارتۇق خىتاي ئەسكىرى ئۆلتۈرۈلدى، 200 گە يېقىن مۇجاھىد شېھىد بولدى. غۇلجا ۋە ئەتراپىدىكى يەتتە ناھىيە بۈگۈنگىچە ھەربى ھالەتتە مۇھاسىرە ئىچىدە تۇرماقتا.

خوتەن ۋىلايىتىنىڭ قارغىلىق، قارىقاش، گۇما ناھىيىلىرىدە شىنجاڭدىن كىچىك تۈركىيىگە ئۇتقۇنغا ئۇچرىغان مۇسۇلمان خەلق خىتاي ئەسكەرلىرىگە قوراللىق قارشىلىق كۆرسەتتى. دەسلەپكى ئىشەنچلىك مەلۇماتلارغا قارىغاندا ، بۇ ئۈچ ناھىيە خەلقى ئۆز رايونلىرىنى كونترول ئاستىدا تۇتۇپ تۇرماقتا. تۇرغۇن ئەسكەر يۆتكىگەن خىتايلار ھەربى ھالەت ئېلان قىلىپ قانلىق باستۇرۇشقا ھازىرلانماقتا.

بۇ قانلىق ۋەقەلەر مۇناسىۋىتى بىلەن ئىستانبۇلدىكى شەرقى تۈركىستان تەشكىلاتلىرى 2 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ئىستانبۇلدىكى خىتاي كونسۇلىغا بىرقانچە يۈز شەرقى تۈركىستانلىقلارنى باشلاپ بېرىپ قاتتىق نارازىلىق بىلدۈردى. غەزەپلەنگەن ئامما خىتاي كونسۇل بىناسىنى تۇخۇم يامغۇرىغا تۇتتى. خىتاي بايرىقىنى تارتىپ چۈشۈرۈپ يىرتىپ ئوت قويىۋەتتى. 20 دىن ئارتۇق چەتئەل ۋە تۈركىيە مۇخبىرلىرى ۋەقەنى ئەينەن كۆرسەتتى ۋە گېزىتلاردا يازدى. شەرقى تۈركىستان تەشكىلاتلىرى ۋەتەندىكى قانلىق قىرغىنچىلىقلارنى ئەڭ ھوشيارلىق ۋە چاققانلىق بىلەن كۆزىتىپ خەلقارا ۋە ئامېرىكا ئاخبارات ئورگانلىرى بىلەن يېقىندىن ئالاقىلىشىپ مەلۇمات بەرمەكتە. ئۇندىن باشقا، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى، ئىنسان ھەقلىرى كومىتېتى، خەلقارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى، خىتاي ئەلچىلىگى، ئامېرىكا باشچىلىغىدىكى غەرپ دۆلەتلىرى، ئەرەپ دۆلەتلىرى ئەلچىلىكلىرىگە، تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى باشقانىغا ، دالاي لاماغا ۋە مۇناسىۋەتلىك ئورگانلارغا جىددى بايانات ئېلان قىلىپ شەرقى تۈركىستان خەلقىغە ياردەم بېرىشنى ۋە خىتايلارنىڭ قانلىق قىرغىنچىلىقىغا قارشى تۇرۇشنى تەلەپ قىلدى.

تۈركىيەدىكى بارلىق ۋەتەنداشلار ۋە قېرىنداشلار يېقىن كۈندە ئەنقەرەدىكى خىتاي باش ئەلچىخانىسىغا بېرىپ نارازىلىق بىلدۈرۈش ، خەلقارا تەشكىلاتلارغا شىكايەت قىلىشنى قارار قىلدى.

پۈتۈن دۇنيادىكى شەرقى تۈركىستان تەشكىلاتلىرى ۋە ۋەتەنپەرۋەر زاتلارنىڭ دەرھال قوزغىلىپ ، ھەرىكەتكە كېلىپ، ۋەتەن خەلقىمىزنىڭ ئازاتلىق كۈرىشىگە مەدەتكار بولۇپ، بىرلىكتە كۈرەش قىلىپ دۇنياۋى داۋا ھاۋاسى ۋە ۋەزىيىتى شەكىللەندۈرۈشنى ئۈمىد قىلىمىز.

تۈركىيە شەرقى تۈركىستان ھەمكارلىق جەمىيىتى

شەرقى تۈركىستان كۆچمەنلەر جەمىيىتى

# شەرقى تۈركىستان مىللى مەركىزى ئاخباراتى

## 2 ـ نومۇر

( تۈركىيە شەرقى تۈركىستان ۋەقپى، كۆچمەنلەر جەمىيىتى، ھەمكارلىق جەمىيىتى، مەدەنى ـ ياردەم جەمىيىتى، قازاقىستان، قىرغىزىستان، ئامېرىكا، ئاۋىستىرالىيە تەشكىلاتلىرى نامىدىن چىقىرىلدى )

### مەملىكەتتىكى يېڭى يۈزلىنىشلەر :

2 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ئۈرۈمچىدە 30 نەپەر مۇجاھىدىمىز ئاشكارا ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن شەرقى تۈركىستاننىڭ ھەممە يېرىدە ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ئىنتىقام ئېلىش ھەرىكىتى باشلىنىپ كەتتى. دەسلەپكى خەۋەرلەردە 88 يەردە قوراللىق كۆرەش باشلانغانلىقى ئېلان قىلىندى.

غۇلجا ۋە ئەتراپىتىكى ناھىيىلەردە خىتاي ھۆكۈمرانلىرى ھەر كۈنى قولغا ئېلىنغانلار ئىچىدىن بىرقانچە كىشىنى مەھەللىلەرگە ئېلىپ بېرىپ ئاشكارا ئېتىپ ئۆلتۈرمەكتە. 2 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى بىركۈن ئىچىدە 105 نەپەر ياشنىڭ ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەنلىگى، 16 ـ كۈنى غۇلجا گوسپىتال مەيدانى ئالدىدا 40 نەچچە نەپەر ياشقا ئۆلۈم ھۆكۈمى ئىجرا قىلىنغانلىقى، قولغا ئېلىنغانلارنىڭ 5 مىڭدىن ئېشىپ كەتكەنلىگى، 7 ناھيىدە داۋام قىلىۋاتقان قوراللىق قارشىلىق ـ ئىنتىقام داۋامىدا مىڭغا يېقىن چوڭ ـ كىچىك ئاۋتوموبىلنىڭ كۆيدۈرۈلۈپ پاچاقلانغانلىقى خەۋەر قىلىندى.

خوتەن، قارغىلىق، قارىقاش، نىيە، لوپ ناھىيىلىرىدىكى قوراللىق قارشىلىق يوقىرى دولقۇنغا كۆتىرىلدى. خىتاي مەمۇرلىرى ۋە ئەسكەرلىرى بىر قانچە كۈن ئىلگىرى شەھەر سىرتىغا قاراپ قاچتى. ئەتراپتا 5 ـ 6 مۇستەقىل رايون مەيدانغا كەلدى. 2 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى كىچىك ئەترەتلەرگە بۆلۈنگەن قىساسچىلار بىرقانچە يەردە تەڭلا خىتاي ئەسكەرلىرىگە ھۇجۇم قىلىپ يىزىلارغا قىچىپ كەتتى.

كۇچار، شايار، توقسۇ ناھىيىلىرىدە خىتاي ئەسكەرلىرىگە قارشى قوراللىق گۇرۇپپىلار توختىماي ئۇرۇشماقتا. 2 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنىگە قەدەر دەسلەپكى مەلۇماتلاردا 50 نەچچە مۇجاھىدىنىڭ شېھىد بولغانلىقى، 2 مىڭغا يېقىن ياشنىڭ قولغا ئېلىنغانلىقى ، خىتاي ئەسكەرلىرىدىن ئۆلگەنلەرنىڭ سانىنى ئېلىش مۇمكىن بولمىغانلىقى خەۋەر قىلىندى. قومۇلنىڭ يەتتە قۇدۇق رايونىدا تۆمۈر يول پارتلىتىۋېتىلدى.

# شەرقى تۈركىستان مىللى مەركىزى ئاخباراتى

## 3 - نومۇر

( تۈركىيە شەرقى تۈركىستان ۋەقفى، كۆچمەنلەر جەمىيىتى، ھەمكارلىق جەمىيىتى، مەدەنى - ياردەم جەمىيىتى، قازاقىستان، قىرغىزىستان، ئامېرىكا، ئاۋىستىرالىيە تەشكىلاتلىرى نامىدىن چىقىرىلدى )

### چەتئەللەردىكى يېڭى يۈزلىنىشلەر :

2 - ئاينىڭ 8 - كۈنى شەرقى تۈركىستانلىقلار ئىستانبۇلدا خىتاي باش كونسۇلخانىسىنى تۇخۇم يامغۇرىغا تۇتۇپ، خىتاي بايرىقىنى چۈشۈرۈپ كۆيدۈرۈۋەتكەندىن كېيىن، 9 - كۈنى جىددى يىغىن ئېچىپ كۆرەش پىلانىنى تۈزدى. شۇ كۈندىن ئېتىبارەن شەرقى تۈركىستان مىللى مەركىزى نامىدا دۇنيا مەتبۇئاتىغا ئاخبارات ئېلان قىلىشنى داۋاملاشتۇردى. 11 - كۈنى شېھىدلەر روھىغا مەۋلۇد ئوقۇلدى. ئازادلىق فوندى مەركىزى قۇرۇلۇپ بىرنەچچە يۈزمىڭ ئامېرىكا دوللار، بىرنەچچە كىچىك ماشىنا ، ئالتۇنلار ئىئانە قىلىندى. 14-كۈنى ئەنقەرەدە خوجاتەپە جامىسىدا شېھىدلەر ئۈچۈن غايىپ جىنازا نامىزى چۈشۈرۈلدى ۋە نامايىش ئۆتكۈزۈلۈپ، خىتاي باش ئەلچىخانىسى ئالدىدا خىتاي بايرىقى كۆيدۈرۈلدى. گېرمانىيەدە نامايىش بولدى.

2 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ئىستانبۇلدىكى ئاتاغلىق ئەرسىن بەشىرلىتۇزلۇق مېھمانخانىسىدا چەتئەل ۋە تۈركىيە مەتبۇئاتچىلىرى ۋە مۇخپىرلىرىغا زىياپەتلىك ئاخبارات يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. شۇ كۈنى ئامېرىكىدا خىتاي ئەلچىخانىسى ئالدىدا نارازىلىق نامايىشى ئۆتكۈزۈلدى.

2 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ئىستانبۇلنىڭ جاغلايان ھۆررىيەت مەيدانىدا ئونغا يېقىن خەلقارا تەشكىلاتلار ، تۈركىيەدىكى پارتىيە - گۇرۇھلارنىڭ قاتنىشىشى بىلەن 10 مىڭ كىشىلىك ھەيۋەتلىك نارازىلىق يىغىنى ئېچىلدى. يىغىندىن كېيىن خىتاي كونسۇلخانىسىغا قاراپ يولغا چىققان نامايىشچىلار خىتاي بايرىقىنى كۆيدۈردى. شۇ ئاخشىمى بۇ خەۋەر ياۋروپا مەتبۇئاتىدا 1 - خەۋەر سۈپىتىدە كەڭ كۆلەمدە ئېلان قىلىندى.

2 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ئوسمانىيە شەھرىدە شەرقى تۈركىستان شېھىدلىرى ئۈچۈن غايىپ جىنازا نامىزى قىلىندى. 18 - كۈنى ئەنقەرەدە لىبىرال پارتىيىسى خىتاي ئەلچىخانىسى ئالدىدا نارازىلىق نامايىشى قىلدى.

بۈگۈنگىچە تۈركىيە مەتبۇئاتلىرى ھەر كۈنى 15 تىن ئارتۇق قانالدا ۋە 20 دىن ئارتۇق گېزىتتە توختىماي شەرقى تۈركىستان داۋاسى ھەققىدە خەۋەر ۋە ماقالا ئېلان قىلدى. پەقەت 2 - ئاينىڭ 9 - كۈنى بىر كۈن ئىچىدىلا تۈركىيەدە 28 پارچە، چەتئەللەردە 24 پارچە مەخسۇس خەۋەر ئېلان قىلىندى.

# شەرقى تۈركىستان مىللى مەركىزى ئاخباراتى

## 4 ـ نومۇر

( تۈركىيە شەرقى تۈركىستان ۋەقپى، كۆچمەنلەر جەمىيىتى، ھەمكارلىق جەمىيىتى، مەدەنى ـ ياردەم جەمىيىتى، قازاقىستان، قىرغىزىستان، ئامىرىكا، ئاۋىستىرالىيە تەشكىلاتلىرى نامىدىن چىقىرىلدى )

### تۈركىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىگىنىڭ باياناتى :

تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىگى 2 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى بايانات ئېلان قىلىپ چىن خەلق جۇمھۇرىيىتى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىنى شەرھىلىگەندىن كېيىن مۇنداق دەپ كۆرسەتتى:

« دۆلىتىمىز بۇ رايوندا مەيدانغا كەلگەن قانلىق ۋە ئۆلۈم بىلەن ئاياقلاشقان ھادىسىلەرنى چوڭقۇر ئەندىشە ۋە قايغۇ بىلەن كۆزەتمەكتە » .

« بىز بۇ رايوندا يۈز بەرگەن تىركىشىشنىڭ ئالدىنى ئېلىپ ، ھادىسىلەرنى تېزراق بىر تەرەپ قىلىشنى، شۇنىڭدەك ئەقىل بىلەن ئىش قىلىپ رايوندا تىنچلىق ۋە خاتىرجەملىكنىڭ تەمەلگە ئېشىشىنى ئارزۇ ۋە ئۈمىت قىلىمىز » .

« تۈركىيە ۋە تۈرك خەلقى بىلەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا يېقىن ئەنئەنىۋى مۇناسىۋەتلەر بار. ئۇنىڭدىن باشقا دۆلىتىمىزدە ئۇيغۇر نەسلىدىن تۈرك ۋەتەنداشلىرى ياشايدىغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ ، تۈركىيەنىڭ بۇ رايوندىكى خەلققە ئالاقە كۆرسىتىشى ۋە بۇ رايوندا مەيدانغا كەلگەن ئۆزگىرىشلەرنى يېقىندىن كۆزىتىشى تەبىئدۇر » .

### چەتئەللەردىكى خەۋەرلەر :

2 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ئامىرىكىدىكى شەرقى تۈركىستان تەشكىلاتلىرى بىلەن بىللە خىتاي ئەلچىخانىسى ئالدىدىكى نارازىلىق نامايىشىغا قاتناشقان 20 گە يېقىن تەيۋەن مۇستەقىلچىلىرى ئوچۇق بايانات ئېلان قىلىپ ، شەرقى تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقىنى ئېتىراپ قىلىدىغانلىقىنى ، شەرقى تۈركىستان خەلقىنىڭ بارلىق ھۆررىيەت كۆرەشلىرىنى قەتئى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

2 ـ ئاينىڭ 18 ـ مەركىزىمىز بىلەن ئالاقىلاشقان شاڭگاڭ « تەيفىڭ داجى » ژورنىلىنىڭ مەسئۇللىرىدىن چىن جۇڭ شەرقى تۈركىستان خەلقىنىڭ يېقىنقى زامانلاردا ئېلىپ بېرىۋاتقان مۇستەقىللىق كۆرەشلىرىنى قىزغىن قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

# شەرقى تۈركىستان مىللى مەركىزى ئاخباراتى

## 5 ـ نومۇر

( تۈركىيە شەرقى تۈركىستان ۋەقپى، كۆچمەنلەر جەمىيىتى، ھەمكارلىق جەمىيىتى، مەدەنى ـ ياردەم جەمىيىتى، قازاقىستان، قىرغىزستان، ئامرىكا، ئاۋىستىرالىيە تەشكىلاتلىرى نامىدىن چىقىرىلىدى )

### ئامرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىگىنىڭ چاقىرىقى :

#### خىتايغا ئىنسان ھەقلىرى مەسىلىسىدە بېسىم ئىشلىتىلسۇن !

ئانادولۇ ئاگېنتلىقى 2 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى خەۋىرى ( بىروكسېل ) :

ئامرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرى مادەلېنە ئالبرىگىخت ، خىتاي ھۆكۈمىتىگە ئىنسان ھەقلىرىنى ھۆرمەت قىلىشى ئۈچۈن بېسىم ئىشلىتىش ھەققىدە ياۋرۇپا بىرلىگىنىڭ دۆلىتىگە ياردەمچى بولۇشىنى تەلەپ قىلدى.

ئالبرىگىخت ، شىمالى ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتى يىغىنىغا قاتنىشىش ئۈچۈن بىروكسېلگە كەلگەندە ياۋرۇپا كومىسسىيونى باشلىقى ژاككوسىس سانتېر بىلەن كۆرۈشكەندە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ئىنسان ھەقلىرى كومىتېتىنىڭ 10 ـ 18 ـ ئاپرىل كۈنلىرىدىكى ۋارشاۋادا ئۆتكۈزۈلىدىغان يىللىق يىغىنىدا خىتايدىكى ئىنسان ھەقلىرىگە خىلاپ قىلمىشلارنى جىددى شەكىلدە ئەيىپلەش كېرەكلىگىنى تەكىتلىدى.

خىتاي بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنىڭ مۇھىملىقى ۋە بۇ دۆلەتنى يالغۇز تاشلاپ قويماسلىق كېرەكلىگىنى تەكىتلىگەن ئالبرىگىخت : پەقەت ، ناھايىتى ئىنچىكە دەپ قاراپ كەلگەن ئىنسان ھەقلىرىگە خىلاپلىق قىلمىشلىرى ئۈستىدە غەرپ دۆلەتلىرى كۆز قاراشلىرىنى ئېنىق ئىپادىلىشىنى داۋام قىلىشى كېرەك، ـ دىدى.

ئالبرىگىخت: ئىنسان ھەقلىرىگە خىلاپلىق قىلمىشلىرى مەسىلىلىرىدە خىتاي ھۆكۈمىتىنى ئەيىپلەيدىغان بىر قارارنى قوللاشقا تەييار ئىكەنلىگىنى بىلدۈردى. ئامرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ خىتاي ھۆكۈمىتىگە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەردىكى ئەيىپلەشلىرىنىڭ ياۋرۇپا بىرلىگىنىڭ قوللىماسلىقى سەۋەبىدىن يېتەرسىز بولىۋاتقانلىقىنى تەكىتلىدى.

### تۈركىيە ، خىتاي مۇناسىۋەتلىرى :

ئانادولۇ ئاگېنتلىقى ( ئەنقەرە ) 18 ـ كۈنى خەۋىرى: تۈركىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىگىنىڭ باياناتچىسى ئۆمەر ئاكبەل : خىتاي ، ئىستانبۇل كونسۇلخانىسى ئالدىدىكى نامايىش بىلەن كونسۇلخانىنىڭ بايرىقىنىڭ چۈشۈرۈلۈپ كۆيدۈرۈلۈشىنى بىر ـ بىرىگە ئارىلاشتۇرماسلىق كېرەك ، ـ دىدى.

# شەرقى تۈركىستان مىللى مەركىزى ئاخباراتى
# 6 ـ نومۇر

( تۈركىيە شەرقى تۈركىستان ۋەقپى، كۆچمەنلەر جەمىيىتى، ھەمكارلىق جەمىيىتى، مەدەنى ـ ياردەم جەمىيىتى، قازاقىستان، قىرغىزىستان، ئامرىكا، ئاۋىستىرالىيە تەشكىلاتلىرى نامىدىن چىقىرىلدى )

## شەرقى تۈركىستاندىكى خىتاي زىندانلىرىدا

### قەشقەر ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانى

قەشقەردىن ئاقتۇغا قاراپ 36 كىلومىتىر ماڭغاندا مۇش دىگەن بىر رايون بار. بۇ يەردە ھەممە ئادەمنىڭ يۈرىگىنى جىغىلدىتىدىغان ـ قەشقەر ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانى بار. تارىخىدىن بويان ھىساپسىز قان قەرزىگە بوغۇلغان بۇ قاتىللار ئۇگىسى مەخسۇس قاماق ھۆكۈم قىلىنغان سىياسى مەھبۇسلارنى سولايدىغان لاگىر. يەر ئاستى ۋە يەر ئۈستىدە بىر قەۋەتلىك سىپىل شەكلىدە زىندانلىرى بار تۈرمىنىڭ 46 نەپەر جاللات ـ ساقچىسى، 360 نەپەر ئەسكىرى بار. تۈرمىدە ھازىر 380 نەچچە نەپەر ئۇيغۇر سىياسى مەھبۇس سولانغان. مەھبۇسلار ئاساسەن 3 يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغانلار. تۈرمىدە 58 سولاقخانا بار. ھەر بىر سولاقخانىدا 22 نەپەر مەھبۇس ئاستى ـ ئۈستى كارىۋاتلاردا ياتىدۇ. بىر ئادەمگە ئىككى مىتىر كىۋادرات يەر توغرا كېلىدۇ. ئۆي ئىچىدە تاھارەت قاچىسى بولۇپ، مەھبۇسلار كىچە ـ كۈندۈز باشقىلارنىڭ كۆز ئالدىدا چوڭ ـ كىچىك تاھارەت قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. تاھارەت قاچىسى كۈندە بىر قىتىم نۆۋەتچى مەھبۇس تەرىپىدىن سىرتقا توشۇلىدۇ. جىنايى جازالار بۆلۈم باشلىقى ئەكبەر جاپپار ئاتلىق 36 ياشلىق ۋىجدانسىز، ئىمانسىز ئۇيغۇر جاللات باشچىلىقىدىكى ساقچىلار تەرىپىدىن ئىجرا قىلىنىدۇ.

بۇ لاگىردا يىتىۋاتقان مەھبۇسلار ئاساسەن 1996 ـ يىلى قولغا ئېلىنىپ 3 يىل قاماققا ھۆكۈم قىلىنغانلار بولۇپ، % 70 ى جىنايەت ئۆتكۈزگەنلىكىگە ئىقرار بولمىغانلار، ھىچقايسىسى ئادۋۇكات تەلەپ قىلالمىغان. مەھبۇسلار ھۆكۈم ئىجراسىدا بولسىمۇ ھەر كۈنى مەجبۇرى ئىشلەيدۇ ۋە سوراق قىلىنىدۇ.

مەھبۇسلارنىڭ كۈندىلىك مەشغۇلاتى شۇنداق:

ئەتىگەن سائەت 4 تە ئورنىدىن تۇرۇپ، رەتكە تىزىلىپ خىتايچە يوقلىما قىلىنىدۇ.

تۈرمە مەيدانىنى ئايلىنىپ 1 سائەت مەجبۇرى يۈگرەش.

ئەتىگەنلىك تاماق يېرىم سائەت ـ بىر ئىستاكان سۇ ۋە 50 گىرام قاتتىق نان بېرىلىدۇ.

چۈشكىچە مەجبۇرى ۋە ۋەزىپە سانى بار ئەمگەك قىلىنىدۇ.

چۈشتە بىر سائەتلىك تاماق ـ بىر ستاكان سۇ ۋە 50 گىرام قاتتىق نان بېرىلىدۇ.

كەچكىچە يەنە مەجبۇرى ۋە ۋەزىپە سانى بار ئەمگەك قىلىنىدۇ.

كەچتە تاماق ـ بىر قاچا سۇيۇق ئاش بېرىلىدۇ.

تاماقتىن كىيىن بىر سائەتلىك مەجبۇرى يۈگرەش.

ياتاقلارنى بىرلىك قىلىپ ئىككى سائەتلىك كەچلىك سىياسى ئۆگىنىش ـ مەسىلە تاپشۇرۇش، جازالار...

كۆندىلىك مەجبۇرى ئەمگەك تۈرلىرى:

لاي ئېتىش ، خىش قۇيۇش، خىش توشۇش، خۇمداندا خىش پىشۇرۇش، تاش چېقىش، تاش توشۇش، ئېتىزدا بۇغداي، قوناق، شال تېرىش، ئورۇش ، توشۇش ۋە تاشقىرىدىن كۆتىرە ئالغان ئىشلار ........

خىش ، تاش قاتارلىق قۇرۇلۇش ماتىرىياللىرى تاشقىرىغا سېتىلىدۇ. ئاشلىق مەھسۇلاتلىرىمۇ سېتىلىدۇ. ھەقسىز ئەمگەكتىن ئېلىنغان كىرىم ساقچى ـ ئەسكەرلەر ئۈچۈن مۇكاپات قىلىپ تارقىتىلىدۇ.

تۈرمىدە چەكلەنگەن پائالىيەتلەر:

ئالدى بىلەن مەھبۇسلارنىڭ ئاغرىپ قېلىشىغا رۇخسەت يوق. ئاغرىغانلار مەجبۇرى ئىشلىشى شەرت. بولمىسا تاماق بېرىلمەيدۇ. پەقەت ئورنىدا تاھارەت قىلىپ ھوشسىزلانغانلار 36 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى دوختۇرخانىغا ئېلىپ بېرىلىدۇ ياكى يولدا ئۆلۈپ كېتىدۇ. تۈرمىدە دوختۇر ياكى دوختۇرخانا يوق.

ھەر بىر ۋاق تاماق ئالدىدا قاتار تىزىلىپ خىتايچە مەدھىيە ناخشا ئوقۇلىدۇ، ئوقۇيالمىغانلارغا يېمەك بېرىلمەيدۇ. خىتايچە ناخشا ئۆگەنمىگەنلەر ئاچ قالىدۇ.

بىر ۋاق ناماز ئوقۇغانلارنىڭ جىنايىتى 10 كۈن، بىر كۈن ئوقۇغانلارنىڭ 50 كۈن ئۇزارتىلىدۇ. جىنايى جازا مۇددىتىنى مەھكىمە ئەمەس، باشقۇرغۇچى ساقچى ئۆزى بەلگىلەيدۇ. ھەر كۈنى كەچتە ئىككى سائەت سىياسى ئۆگىنىش ۋاقتىدا سوراق ۋە جازالاشلار ئىجرا قىلىنىدۇ.

ۋاقتىدا ياتمىغان، قوپمىغانلار، ئۆز ـ ئارا گەپلەشكەنلەر، قول ئىلىشىپ كۆرۈشكەنلەر، ناخشا ئېيتقانلار، ۋاقىرىغانلار، كۈلگەنلەر، يىغلىغانلار، ھاجەتخانىغا سۇ ئېلىپ كىرگەنلەر، ئەمگەك ۋەزىپىسىنى ئورۇنلىيالمىغانلار، ساقچى ـ ئەسكەرگە گەپ قايتۇرغانلار ، ئۆزىگە ـ ئۆزى سۆزلىگەنلەر ھەممىسى بىردەك ئېغىر جازالىنىدۇ.

جازا ئۇسۇللىرى : ئېلىكتىرلىك توقماق بىلەن بېشىغا، قوسقىغا، جان يېرىگە ئۇرۇش، قولنى كەينىگە باغلاپ تۈۋرۈككە تېڭىپ ئۇرۇش، ئېسىپ ئۇرۇش، ئايروپىلان شەكلىدە تۈرغۇزۇپ قويۇش، يەردە ياتقۇزۇپ قولىغا دەسسەش، ساقچىلار نەچچە قېتىم ئېلىكتىرلىك توقماقنى مەھبۇسلارنىڭ ئارقا سوڭ ئەزاسىغا تىقىپ كىرگۈزۈۋېتىپ قاھ ـ قاھلاپ كۈلۈشكەن !

ھازىر تۈرمىدە تاياق زەربىسىدىن چىشى چۈشۈپ كەتكەن، قولىقىدىن قان ئاقىدىغان، قولى سۇنۇپ كەتكەن، تاشقى سىسىپ كېتىپ ئاختا بولۇپ قالغان، ئىچكى كېسەللەرگە گىرىپتار بولغان مەھبۇسلارنىڭ ھىساۋى يوق. ساقچىلار بىرمۇ مەھبۇسنىڭ ئىسمىنى بىلمەيدۇ، ھەممىسىنى « ھېجىقىز، كۆت، ھەزلەك » دىگەن ھاقارەت سۆزلىرى بىلەن چاقىرىدۇ.

تۈرمىدىكى مەھبۇسلارنى روھى تەرەپتىن جازالاش ئەڭ قەبىھ بولۇپ، ئادەتتە ساقچىلار مەھبۇسلارغا : « مەركەزدىن سىلەرنى قارشىلىق كۆرسەتسە ئېتىۋېتىڭلار، دەپ بۇيرۇق كەلدى. بىز يەنىلا ئىنسانپەرۋەرلىك بىلەن سىلەرنى مۇنداقلا ئۇرۇپ ـ تىللاپ قويىمىز، شىكايەت قىلىپ ئاۋارە بولماڭلار » دەپ ئوچۇق سۆزلەپ يۈرگەن. بەزى ساۋاتسىز ساقچىلار ئاشكارا ھالدا : « بىز نىمىشقا ھەر دائىم كالتەك بىلەن بېشىڭلارغا ئۇرىمىز بىلەمسىلەر دۆتلەر؟ بەك ئىشلەپ كەتكەن كاللاڭلارنى داۋالاپ ساراڭ قىلىپ چىقىرىۋېتىمىز » دەپ ۋاقىرىغان . جىسمانى جەھەتتە كېسەللەرگە قىلىنىدىغان مۇئامىلە ئىنتايىن ناچار بولۇپ، ساقچى مەھبۇسنىڭ قايەرى

ئاغرىسا شۇ يېرىگە ئېلىكتىرىك توقماق بىلەن ئۇرۇپ راس - يالغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ ۋە ھوشسىز يېتىپ قالمىغىچە دوختۇرخانىغا تەكشۈرۈشكە ئېلىپ بارمايدۇ. كۆپىنچە كىشىلەر دوختۇرخانىغا ئېلىپ كىتىپ ئۆلۈگى قايتىپ كەلگەچكە، دوختۇرخانا يولى ئۆلۈم يولى دەپ قارىلىدۇ. يۇقۇملۇق كىسەللەرنى تارقىتىپ، قەستەن ئۆلتۈرۈش ئادەتكە ئايلانغان. ئالىمجان ئىسىملىك ياش ئېغىر جىگەر كىسىلىگە گىرىپتار بولغان بولسىمۇ ساقچىلار پەقەتلا داۋالىماي، ئەكسىچە : « نىمىشقا تېخىچە ئۆلمەيسەن ؟ » دەپ سوراپ تۇرغان مەمەت ئابدۇللا مەخسۇم قەنت سىيىش كىسىلىگە ئۇچرىغان بولسىمۇ داۋالىنىشقا يول قويمىغان.

تۆۋەندە بىر قىسىم مەھبۇسلارنىڭ ئىسمى، يېشى، يۇرتى، « جىنايىتى » نى تونۇشتۇرىمىز:

مەمەت ئابدۇللا مەخسۇم ، 36 ياش ، قارغىلىقتىن ، تالىپ ئوقۇتقان ، 3 يىل كىسىلگەن .

ئابدۇ خەبەر ، 30 ياش ، قارىقاشتىن ، تالىپ ئوقۇتقان ، 3 يىل كىسىلگەن .

ئالىمجان ( بەيتۇللا جامى مەزىنى ) 28 ياش ، 7 - ئىيولدا تۇتۇلغان ، 3 يىل كىسىلگەن .

ئابدۇللا ، 25 ياش ، قارغىلىقتىن ، دىنى تەشۋىقات ئېلىپ بارغان ، 3 يىل كىسىلگەن .

ئىدرىس ، 32 ياش ، قارغىلىقتىن ، دىنى تەشۋىقات ئېلىپ بارغان ، 3 يىل كىسىلگەن .

مەمەت ئىمىن ، 25 ياش ، قارغىلىقتىن ، دىنى تەشۋىقات ئېلىپ بارغان ، 3 يىل كىسىلگەن .

قاھار ، 25 ياش ، قارغىلىقتىن ، دىنى تەشۋىقات ئېلىپ بارغان ، 3 يىل كىسىلگەن .

ئابدۇجلىل ، 29 ياش ، قارغىلىقتىن ، دىنى تەشۋىقات ئېلىپ بارغان ، 3 يىل كىسىلگەن .

ئابدۇرېھىم مەخسۇم ، 30 ياش ، چىرادىن ، تەشكىلات قۇرغان ، 3 يىل كىسىلگەن .

تۇرسۇننىياز ، 32 ياش ، چىرادىن ، تەشكىلاتقا قاتناشقان ، 3 يىل كىسىلگەن .

شەمسىددىن ، 18 ياش ، قەشقەردىن ، تەشكىلاتقا قاتناشقان ، 3 يىل كىسىلگەن .

ئادىل ، 18 ياش ، قەشقەردىن ، تەشكىلاتقا قاتناشقان، 3 يىل كىسىلگەن .

ئابدىۋەلى ، 36 ياش ، قەشقەردىن ، تەشكىلاتقا قاتناشقان ، 3 يىل كىسىلگەن .

ئەلى ، 16 ياش ، قەشقەردىن ، تەشكىلاتقا قاتناشقان ، 3 يىل كىسىلگەن .

نېلى ، 17 ياش ، مارالۋىشىدىن ، تەشكىلاتقا قاتناشقان ، 3 يىل كىسىلگەن .

مەتىمىن ، 34 ياش ، قارغىلىقتىن ، تەشكىلاتقا قاتناشقان ، 3 يىل كىسىلگەن .

باۋۇدۇن ، 58 ياش ، قارغىلىقتىن ، ھۆكۈمەتنى ھاقارەتلىگەن ، 3 يىل كىسىلگەن .

مەمەتتۇرسۇن ئاخۇن ، 70 ياش ، قەشقەردىن ، دىنى گىزىت كۆپەيتكەن، 3 يىل كىسىلگەن .

ھىدايىتۇللا ، 22 ياش ، قەشقەردىن ، دىنى گىزىت تارقاتقان ، 3 يىل كىسىلگەن .

ئابدۇخلىل زىمىن ، 32 ياش ، يەركەندىن ، ئادەم يوشۇرغان ، 3 يىل كىسىلگەن .

ئابدۇلئەھەت ، 24 ياش ، يەركەندىن ، تەشكىلاتقا قاتناشقان ، 3 يىل كىسىلگەن .

مۇھەممەت ، 17 ياش ، كىرىيەدىن ، تەشكىلاتقا قاتناشقان ، 3 يىل كىسىلگەن .

ئابدۇغەنى ، 23 ياش ، كىرىيە دىن ، چەتئەل ژورنىلى ئوقۇغان ، 3 يىل كىسىلگەن .

ھەبىبۇللا ، 16 ياش ، قارىقاشتىن ، چەتئەل ژورنىلى ئوقۇغان ، 3 يىل كىسىلگەن .

ئابدۇ ۋەلى ، 22 ياش ، قارىقاشتىن ، چەتئەل ژورنىلى ئوقۇغان ، 3 يىل كىسىلگەن .

ئابدۇمجىت ، 27 ياش ، قارىقاشتىن ، چەتئەل ژورنىلى ئوقۇغان ، 3 يىل كىسىلگەن .

# لوپ ناھىيەلىك ساقچى تۈرمىسى

لوپ ناھىيىسى ساقچى ئىدارىسىنىڭ تۈرمىسى بازار ئىچىدە ـ دوختۇرخانا ئالدىدا بولۇپ ، دائىرىسى چوڭ، يەر ئاستىدا ئىككى قات، ئۈستىدە بىر قات تۈرمە ئۆيى بار. مىڭ كىشى سىغىدىغان بۇ تۈرمە نىڭ كاسىرلىرى بىر، ئىككى ، ئۈن كىشىلىك بولۇپ، ئاستى سىمونت، كۈن نۇرى چۈشمەيدۇ.

مەھكىمە ھۆكۈمىدىن ئەۋەل ۋاقىتلىق ئادەم سولايدىغان بۇ تۈرمىدە بۈگۈن 280 نەپەر سىياسى جىنايەتچى سوراقسىز، ئادۋۇكاتسىز ۋە ھۆكۈمسىز بىگۇنا قاملىپ ياتماقتا. سولانغانلارنىڭ ئالدىغا 3 ئاي ، كەينىگە 3 ـ 4 يىل بولغان بولسىمۇ ، تېخىچە بىر تەرەپ قىلىنمىغان .

لوپ تۈرمىسىدىن قىچىپ كەتكەن دول مەھەللىلىك توخنىيازنىڭ ئورنىغا ساقچىلار دادىسى ـ 65 ياشلىق ئابدۇللائاخۇننى تۇتۇپ كىلىپ سولاپ قويغىلى ئىككى ئايدىن ئاشقان .

لوپ تۈرمە ساقچىلىرى 1996 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى دول يېزىسىدىكى ئوبۇلقاسىم ئىمىننى ھۆكۈمەتكە قارشى سۆز قىلغانلىق بەتنامى بىلەن تۇتقان ۋە دول يېزىلىق ساقچى باشلىقى غالىچا ئىت ـ ئابدۇللا رەھىم دىگەن رەھىمسىز ئوبۇلقاسىمنىڭ چاتىرىقىغا جان يېرىگە تىزلاپ تىپىپ تاشقىنى چىقىرىۋەتكەن . دوختۇرخانىدا ئۇنىڭ بىر تاشقى ئىلىۋىتىلگەندىن كىيىن، نازارەت ئاستىدا ئائىلىسىگە تاپشۇرۇلغان ، ئەمما جىنايەتچى ساقچى تەقدىرلەنگەن.

لوپ ناھىيىسىدىن بىگۇنا تۇتۇلغان بىرقىسىم كىشىلەر :

ئەنسارى بارى ، 32 ياش ، ھۆكۈمەتكە قارشى سۆز قىلغان ، 1995 ـ يىلدىن بېرى ھۆكۈمسىز ياتماقتا .

مۇختار ، 29 ياش ، ھۆكۈمەتكە قارشى سۆز قىلغان ، 5 ئايدىن بېرى ھۆكۈمسىز ياتماقتا .

مەمەت تۇرسۇن ، 22 ياش ، گىزىت ئوقۇغان ، 4 ئايدىن بېرى ھۆكۈمسىز ياتماقتا .

روزى مەمەت توختى ، 21 ياش ، ھۆكۈمەتكە قارشى سۆز قىلغان، 7 ئايدىن بېرى ھۆكۈمسىز ياتماقتا.

ئىلى مەمەتتۇرسۇن ، 19 ياش ، خىتايلارنى تىللىغان ، 7 ئايدىن بېرى ھۆكۈمسىز ياتماقتا .

ئابلىمىت ، 30 ياش ، ھۆكۈمەتكە نارازى بولغان ، 3 ئايدىن بېرى ھۆكۈمسىز ياتماقتا .

ئابدىكىرىم مەتتۇرسۇن ، 24 ياش ، ئوقۇغۇچىلىرىغا مىللى تەشۋىقات قىلغان ، 1995 ـ يىلى 8 ـ ئايدا تۇتۇلغان بولۇپ ، ئادۋۇكات تەلەپ قىلغىنى ئۈچۈن ھازىرغىچە ھۆكۈمسىز ياتماقتا .

ئابدۇلھەمىت غاز ، 24 ياش ، تەشكىلاتقا قاتناشقان ، 5 ئايدىن بېرى ھۆكۈمسىز ياتماقتا .

سالاھىدىن، روزى مەمەت، ئابدۇلباسىت ..... ............. قاتارلىقلار ياتىدۇ.

# شەرقى تۈركستان مىللى مەركىزى ئاخباراتى

## 7 - نومۇر

( تۈركىيە شەرقى تۈركستان ۋەقپى، كۆچمەنلەر جەمىيتى، ھەمكارلىق جەمىيتى، مەدەنى - ياردەم جەمىيتى، قازاقىستان، قىرغىزىستان، ئامىرىكا، ئاۋىستىرالىيە تەشكىلاتلىرى نامىدىن چىقىرىلدى )

### ئۈرۈمچى قىساس يالقۇنى ئىچىدە

2 - ئاينىڭ 25 - كۈنى شەرقى تۈركستاننىڭ ئۈرۈمچى شەھەرىنىڭ 3 - يول لېنىيىسىدىكى كوچا ئاپتوۋوزى ئۈرۈمچى ۋاقتى سائەت 7 گە يېقىن نەنمىڭ بانكا بىناسى ئالدىدا تۇيۇقسىز پارتلاپ 60 قا يېقىن كىشى ئۆلدى ۋە يارىلاندى. ئۆلگەنلەرنىڭ 2 سى ئۇيغۇر ، قالغانلىرى خىتاي ئىكەنلىگى ئېنىقلاندى. پارتلاش يۈز بېرىپ 2 سائەت ئىچىدە ئۈرۈمچىنىڭ خىتايلار ئولتۇراقلاشقان كوچىلىرىدا يەنە 5 يەردە بىرلا ۋاقىتتا پارتلاش ۋەقەسى يۈز بەردى ۋە 200 گە يېقىن خىتايلار ئۆلدى. ئۆلگەن ۋە يارىلانغانلار ھەربى رايون دوختۇرخانىسىغا جايلاشتۇرۇلدى. پارتلاتقۇچ دورىنى بىر ئۇيغۇر ياشنىڭ ئاپتوۋۇزغا ئېلىپ چىقىپ تاشلاپ قويۇپ چۈشۈپ كەتكەنلىگى ، بۇنى كۆرگەن بىر خىتاينىڭ ۋاقىراپ سىگنال بەرگەن بولسىمۇ ئۈلگۈرمەي پارتلاپ ئۆلگەنلىكى خەۋەر قىلىندى. ۋەقە يۈز بەرگەندىن كېيىن قىساسچىلارنىڭ بىرىمۇ تۇتۇلماي قېچىپ كەتتى. بىرلا ۋاقىتتا يەنە ئۈرۈمچى قىزىل بايراق سودا بازىرىدا بىر ئۇيغۇر 6 نەپەر خىتاينى بوغۇزلاپ ئۆلتۈرۈۋېتىپ قېچىپ كەتكەن.

بۇ ۋەقەنىڭ ئارقىدىن بىر ھەپتىدىن بېرى جىددىيلەشكەن ئايروپىلان ، پويىز ستانسىلىرىدىكى بىلەت جىددىيلىگى بىر پەللە يۇقىرى كۆتىرىلگەن. خىتايلار ئىچكى ئۆلكىلەرگە قېچىش ئۈچۈن قارا بازاردا بىلەت باھاسىنى نەچچە ھەسسە ئۆستۈرىۋەتكەن.

يۇقىرىدىكى ئىنتىقام ھەرىكەتلىرىنىڭ شەرقى تۈركستان ئازاتلىق ھەرىكىتى تەشكىلاتلىرىنىڭ قىساسچىلار ئەترىدى تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلغانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ قانلىق قەتلئام ھەم بىگۇنا تۇتۇلغان ئۇيغۇر قېرىنداشلىرى ئۈچۈن قىساس ئېلىش مەقسىدىدە ئىكەنلىكى خەۋەر قىلىندى.

# شەرقى تۈركىستان مىللىي مەركىزى ئاخباراتى

## 8 - نومۇر

( تۈركىيە شەرقى تۈركىستان ۋەقپى، كۆچمەنلەر جەمىيىتى، ھەمكارلىق جەمىيىتى، مەدەنىي - ياردەم جەمىيىتى، قازاقىستان، قىرغىزىستان، ئامېرىكا، ئاۋسترالىيە تەشكىلاتلىرى نامىدىن چىقىرىلدى )

### ئۇيغۇر ئانىلار كوچىلاردا ئوغلىنى ئىزدىمەكتە

### غۇلجىدا 1600 دىن كۆپ ئۇيغۇر ياشنىڭ ئىز - دېرىكى يوق

غۇلجىدىكى ھۆكۈمەت دائىرىلىرىدىن ئېلىنغان ئىشەنچلىك خەۋەردە 2 - ئاينىڭ 5 - كۈنىدىكى قانلىق باستۇرۇشتىن كېيىن قولغا ئېلىنغان 5 مىڭغا يېقىن ئۇيغۇر ياشلىرىدىن 1600 نەپىرىنىڭ ئىز - دېرىكى يوق، دېيىلگەن. غۇلجا شەھىرىدىن، جىلىيۈزى، قورغاس، نىلقا ناھىيەلىرىدىن غۇلجىغا كىرگەن مىڭلىغان ئانىلار ژاندارما- ئەسكەرلەر تەرىپىدىن تۇتۇپ كېتىلگەن بالىلىرىنى ئىزدەپ ھۆكۈمەت ئىشىكلىرىدە تەمتىرەپ يۈرمەكتە. يېقىندىن مىڭىش رۇخسەت قىلىنغان كوچىلارغا چىققان ھەر 10 ئانىنىڭ 7 سى بالىسىنى ئىزدەپ چىققان ئانىدۇر. ئېلى ئوبلاستلىق، غۇلجا شەھەرلىك ھۆكۈمەت بىناسى، ساقچى ئىدارىسى بىناسى ۋە تۈرمە ئىشىك ئالدىدا ئەتىگەندىلا توپلىشىۋالغان يۈزلەرچە ئانىلار قان يىغلاپ پەريات چەكمەكتە. بەزى ھۆكۈمەت ئەرباپلىرى : بۇ قېتىمقى تۇتقۇنغا ھۆكۈمەت ياكى جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسى ئارىلىشالمىغانلىقىنى، پەقەت: ژاندارما - ئەسكەرلەرنىڭ قانۇن - رەسمىيەتسىز تۇتقۇن ئېلىپ بارغانلىقىنى ، تۇتۇلغانلارنى كېچىدە ئەتراپتىكى بىڭتۈەن ( ئىشلەپچىقىرىش ئارمىيىسى ) ۋە كۈنەس ، نىلقا، قورغاس تۈرمىلىرىگە يۆتكەپ سولىغانلىقىنى پاش قىلدى. ئۇندىن باشقا يەنە مەخپىي بىر قانچە سولاقخانىلار ئېچىلىپ تۇتۇلغانلار سولانغانلىقى مەلۇم بولدى.

2 - ئاينىڭ ئوتتۇرلىرىدا غۇلجا شەھرىدە بالىلىرىنى تاپالمىغان ئىككى مىڭدىن ئارتۇق خوتۇنلار كوچىغا چىقىپ نامايىش قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەندىن كېيىن ، ھۆكۈمەت دائىرىلىرى جىددىيلىشىپ ھەرىكەتكە كەچكەن ۋە بىرقىسىم ياشلارنى قويۇپ بېرىپ نامايىشنى تىزگىنلىۋالغاندىن كېيىن يەنە تۇتۇپ كەتكەن.

قەشقەر ، خوتەن ۋە ئاقسۇ ۋىلايەتلىرىدىن كەلگەن مىڭلىغان ئاتا - ئانىلار ئۈرۈمچىدىكى قانۇن ئورگانلىرى ۋە ھۆكۈمەت دائىرىلىرى ئىشىگىدە شىكايەت بىلەن پەريات چېكىپ يۈرمەكتە.

# شەرقى تۈركستان مىللى مەركىزى ئاخباراتى
## 9 . نومۇر

( تۈركىيە شەرقى تۈركىستان ۋەقپى، كۆچمەنلەر جەمىيىتى، ھەمكارلىق جەمىيىتى، مەدەنى - ياردەم جەمىيىتى، قازاقىستان، قىرغىزىستان، ئامىرىكا، ئاۋستىرالىيە تەشكىلاتلىرى نامىدىن چىقىرىلىدى )

### قانۇنسىز تۇتۇلغانلار 10 مىڭدىن ئارتۇق
### ئادۋوكاتلار مەركىزى قانۇن ئورگانلىرىغا شىكايەت قىلدى

شەرقى تۈركىستاندىكى خىتاي دائىرىلىرى بۇ يىل كىرگەندىن بۇيان كومپارتىيە مەركىزى بيۇروسىنىڭ 7 - نومۇرلۇق ھۆججىتىنى ئىجرا قىلىش باھانىسىدا ئۈرۈمچى، غۇلجا، قەشقەر، خوتەن، ئاقسۇ ۋىلايەتلىرىدە ھەر خىل ھىلە ۋە ئۇسۇللاردىن پايدىلىنىپ بۆلگۈنچى، مىللەتچى، ئىسلامچى نامى بىلەن 10 مىڭدىن ئارتۇق ئۇيغۇر ياشنى تۇتقۇن قىلغاندىن كېيىن، خىتاينىڭ مەمۇرى ۋە قانۇنى ئورگانلىرىنىڭ ئىچكى قىسمىدا نۇرغۇن زىددىيەتلەر مەيدانغا كەلدى.

ئۈرۈمچىدىكى بىر قىسىم قانۇن ئورگانلىرى تۇتۇش بۇيرۇقى بېرىلمەستىن تۇتۇلغان ياشلارنى مەھكىمىدە ئەيىپلەش ئۈچۈن دەلىل - ئىسپات تەلەپ قىلدى. غۇلجىدىكى بىر قىسىم قانۇن خادىملىرى تۇتۇلغانلارنى دۆلەت تۈرمىلىرىگە سولاش ئۈچۈن قانۇنى رەسمىيەت تەلەپ قىلدى ، قارا - قويۇق ئادەم سولاشنى رەت قىلدى ۋە قانۇنى جاۋاپكارلىقتىن باش تارتتى. شۇنىڭ بىلەن خىتاي ژاندارما قوماندانلىقى شتابى بىر قىسىم جايلاردا قانۇنسىز ئەسكىرى كامپ قۇرۇپ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئىقرار ماتىريالى ھازىرلاش ئۈچۈن تۇتۇلغان ياشلارنى قالايمىقان سولاپ ، خالىغانچە ئۇرۇپ - قىيناپ سوراق قىلىپ ، يۈزلەرچە ياشنى ئۆلتۈرۈپ قويدى. جەسەتلەرنى يوق قىلىۋەتتى، مەھەللىلەرگە تاشلاپ قويدى. غۇلجا ناھىيىسىدىكى بىر ئائىلىدىنلا 7 كىشىنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈپ قويدى.

بۇ مۇناسىۋەت بىلەن يەرلىك ھۆكۈمەت بىلەن ئەسكىرى ژاندارما كۈچلىرى ئارىسىدىكى مەنپەئەت زىددىيەتلىرى كەسكىنلەشتى. ژاندارما قوماندانلىقى مەسئۇلىيەتتىن يېڭىدىن يۈتكەپ كېلىنگەن بارىندىكى قانلىق باستۇرۇشقا قاتناشقان ئەسكىرى قىسىملارغا دۆڭگەپ قويدى. غۇلجا شەھەرلىك ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ شىكايىتىدە ئەسكەرلەر تەرىپىدىن كوچىدىكى ياشلارلا ئەمەس، ئائىلىسىدىكىلەرمۇ زورلۇق بىلەن تۇتۇلغانلىقى ، قانۇنى رەسمىيەت تەلەپ قىلغانلاردىن بەزىلىرىنىڭ قارشىلىق كۆرسەتتى دەپ ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

شۇ مۇناسىۋەت بىلەن، ئىچىدە خىتايلارمۇ بولغان بىرقانچە ئون ئادۋوكات قانۇنسىز تۇتۇش، قانۇنسىز سوراق ۋە قانۇنسىز ئادەم ئۆلتۈرۈشلەرگە قارشى مەركىزى پېكىن ھۆكۈمىتىگە شىكايەت قىلغانلىقى ، مەركەزنىڭ بۇ ئىش سەۋەبىدىن مەخسۇس تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى ئەۋەتكەنلىكى مەلۇم بولدى. خەۋەرلەرگە قارىغاندا، قانۇنسىز تۇتۇلغان ۋە سوراق قىلىنغانلار ئىچىدە تۈركىيە ۋە قازاقىستان پاسپورتى بار 30 نەچچە نەپەر چەتئەللىكنىڭمۇ بارلىقى ئېنىقلاندى.

# شەرقى تۈركىستان مىللى مەركىزى ئاخباراتى

## 10 . نومۇر

( تۈركىيە شەرقى تۈركىستان ۋەقپى، كۆچمەنلەر جەمىيتى، ھەمكارلىق جەمىيتى، مەدەنى - ياردەم جەمىيتى، قازاقىستان، قىرغىزىستان، ئامىرىكا، ئاۋىستىرالىيە تەشكىلاتلىرى نامىدىن چىقىرىلدى )

شەرقى تۈركىستاننىڭ قازاقىستان چېگرىسىدىكى شەھىرى - غۇلجا دا يۈز بەرگەن قانلىق ۋەقەلەردىن كىيىن ، يېزىن ئىلى ۋىلايىتى ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق 7 ناھىيە «جىنايەتچىلەر لاگىرى» غا تولۇپ كەتتى.

غۇلجا شەھەر ئىچىدىكى ۋىلايەتلىك تۈرمە، ئوبلاستلىق تۈرمە، شەھەرلىك تۈرمە ۋە بىگتۈەن (ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش ئارمىيىسى ) تۈرمىلىرى يەرلىك ئاھالە ياشلىرىغا توشۇپ كەتكەندىن كىيىن، ئەسكىرى دائىرىلەر ئەتراپتىكى موڭغۇلكۈرە، تېكەس، توققۇزتارا، كۈنەس، نىلقا، سۈيدۈڭ، غۇلجا ناھىيىلىك تۈرمىلەرگە بۆيرۇق چۈشۈرۈپ تۇتۇلغان ياشلارنى قاماشقا باشلىدى. ھۆكۈمەت تۈرمىلىرى توشۇپ بولغاندىن كىيىن، غۇلجا شەھەر ئىچى ۋە ئەتراپتىن 9 ئورۇندا تۇتۇلغانلارنى سولايدىغان مەخسۇس لاگىر ( كامپ ) لارنى قۇرغانلىقى ئېنىقلاندى. بۇلار تۆۋەندىكىچە:

ئىلى ھەربى رايون باش شتابى، بىگتۈەن 4 - دىۋىزىيە باش شتابى، 61، 62، 63، 64 - پولك شتابى، غۇلجا بوستان مېھمانخانىسى، بازار تاشلەپكە سۇ ئىدارىسى، قارادۆڭ شەرق قىزاردى كوممۇنا ئىدارىسى، غالىبىيەت يول ئاغامچا زاۋۇدى ئىسكىلادى قاتارلىقلار . بۇ جايلارغا خۇددى ئىغىلغا قوي سولىغاندەك سولانغان ياش باللار تاياق زەربىسىدىن، ئاچلىقتىن، سوغۇقتىن، كېسەل سەۋەبىدىن ئۆلۈشكە باشلىدى. توكلۇتۇلغان جەسەتلەر ھەر ھەپتىدە بىرەردىن ئىگىسىگە تاپشۇرۇلماقتا.

نامايىش باشلانغان دەسلەپكى كۈنلەردە ئەسكەر ، ساقچىلار تەرىپىدىن ئۇرۇپ پۇت، قولى سۇندۇرۇلغان ۋە ئوق بىلەن يارىلانغان ئۇيغۇر ياشلار خىتاي دوختۇرخانىلىرىغا قوبۇل قىلىنمىغان. ئۆيلەردە يەرلىك ئۇسۇلدا داۋالىنىۋاتقان ياشلار ئەسكەرلەر تەرىپىدىن تۇتۇپ كېتىلگەن. ھازىر غۇلجا شەھىرىدىكى بارلىق دوختۇرخانىلاردا 14 - 20 ياش ئارىسىدىكى مىڭدىن ئارتۇق ئۇيغۇر ياش - ئۇسمۇر تىزى ۋە بىلىكى سۇنغان ھالدا نازارەت ئاستىدا داۋالىنىۋاتىدۇ. ياشلار ساقچىلارنىڭ ھېچ گۇناسى بولمىغان باللارنى تۇتۇپ سوراقمۇ قىلماستىن كوللىكتىپ ئۇرۇپ تىزىنى، بىلىگىنى سۇندۇرۇشنى قەستەن مەشق قىلغانلىقىنى پاش قىلدى.

5 - مارت كۈنى قەشقەر شەھىرىدىكى دۇنياغا داڭلىق ئەڭ ئىگىز ماۋزېدوڭ ھەيكىلى ئۈستىدە شەرقى تۈركىستاننىڭ ئازاتلىق سىمۋولى بولغان ئايىيولتۇزلۇق كۆك بايرىقى لەپىلدىدى. خەلق 30 مېتىر ئىگىزلىكتىكى كەپتەر قوندىقى بولغان بۇ ھەيكەل ئۈستىگە كىمنىڭ ، قانداق چىققانلىقى ۋە بايراقنى قانداق قادىغانلىقىغا ھەيران بولۇپ سۆز قىلىشماقتا.

# شەرقى تۈركىستان مىللى مەركىزى ئاخباراتى

## 11 - نومۇر

( تۈركىيە شەرقى تۈركىستان ۋەقفى، كۆچمەنلەر جەمئىيىتى، ھەمكارلىق جەمئىيىتى، مەدەنىي - ياردەم جەمئىيىتى، قازاقىستان، قىرغىزىستان، ئامېرىكا، ئاۋستىرالىيە تەشكىلاتلىرى نامىدىن چىقىرىلدى )

4 - مارت كېچىدىن 5 - مارت تاڭ سەھەرگىچە ئۈرۈمچىنىڭ سايباغ رايونىغا جايلاشقان ئاقسۇ ئىش باشقارمىسىنىڭ مېھمانخانا بىناسىدا چىققان قوراللىق ئېتىشىش سەھەردە توختىدى. بىنانى كەچتە قورشىۋالغان 200 گە يېقىن ئەسكەر بىنا ئىچىدىكى « ئۇيغۇر بۆلگۈنچى كۈچلىرى » بىلەن قاتتىق ئېتىشتى. ئۇرۇش 3 سائەت داۋاملاشقاندا ئەسكەرلەر سانى مىڭغا كۆپەيتىلدى. تاڭ ئاتقاندا سەپداشلىرىنى مۇداپىئە قىلىپ قاچۇرىۋەتكەن 5 نەپەر ئۇيغۇر قىساسچى خىتاي ئەسكەرلەرنىڭ قولىغا تىرىك چۈشتى. ئوق ئاۋازىنى ئاڭلىغان ئەتراپتىكى خىتاي مەمۇرلىرىدىن 10 مىڭغا يېقىن كىشى كېچىچە قېچىپ كەتكەن.

1 - مارت كۈنى سەھەردە ئۈرپان ۋىلايىتىنىڭ پىچان ناھىيىسىنىڭ لەمجىن كەنتى يېنىدىكى نېفىت باش قوماندانلىق شتابىنىڭ بىرىنچى قۇدۇقى پارتلاپ دەھشەتلىك ئوت ئالدى. شەرقى تۈركىستان خەلقىگە بولغان زۇلۇم ۋە ئۆتۈنۈش قىلىشلار توختىتىلمىغىچە پۈتۈن نېفىت قۇدۇقلىرىنى پارتلىتىۋېتىدىغانلىقى ھەققىدە ئاگاھلاندۇرۇش خېتى تاپشۇرغان « ئازاتلىق ھەرىكىتى قىساسچىلىرى » تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلغانلىقى پەرەز قىلىنىۋاتقان بۇ ۋەقەدىن كېلىپ چىققان ئوت يالقۇنى ھېلىغىچە ئاسمان پەلەك تۇتۇشۇپ دەھشەت سالماقتا. شۇ كۈنى يەنە ئۈرۈمچى، قاراماي شەھەرلىرىدىكى نېفىت قۇدۇقلىرىغا يەرلەشتۈرۈلگەن بومبىلار ئاشكارىلىنىپ قىلىپ پارتلاشتىن ئىلگىرى يوق قىلىنغانلىقى مەلۇم بولدى.

شەرقى تۈركىستاندىكى خىتاي ھەربىي رايونى جىددىي بۇيرۇق چىقىرىپ ئاقسۇدىكى دېخانچىلىق 3 - دىۋىزىيەسى بىلەن غۇلجىدىكى دېخانچىلىق 4 - دىۋىزىيەسىنى دەرھال قوراللاندۇرۇشنى ئېلان قىلدى. شۇ كېچىسى قوراللىنىپ بولغان بىڭتۈەنلىكلەر ئىشلەپچىقىرىشنى توختىتىپ، ھەر قايسى رايونلاردىكى ئۇيغۇرلار ئولتۇراقلاشقان يەرلەرنى قورشاش، تەكشۈرۈش، ئادەم تۇتۇش ۋەزىپىلىرىنى ئىجرا قىلىشقا باشلىدى. كەڭ خەلق بۇ ئەسكەرلەرنىڭ ئاساسەن قازاقىستان ۋە قىرغىزىستان چېگرىلىرىدىن ئۇيغۇلارنىڭ بېسىپ كىرىشىدىن مۇداپىئە قىلىش ئۈچۈن تەشكىللەنگەنلىكىنى ئىنكاس قىلدى.

ئۈرۈمچىدىكى ئاپتوۋۇز پارتلىتىش ۋەقەلىرىدىن كېيىن ، كوچا ئاپتوۋۇزلىرىنى قاتناش - ترانسپورت ئەسكەرلىرى ئۆتكۈزۈپ ئالغان. ھەر بىر ئاپتوۋۇز ئىككى بىلەت ساتقۇچى ساقچى، ئىككى پۇخراچە كىيىنگەن ساقچىدىن ئىبارەت جەمئى 5 كىشىلىك بىر گۇرۇپپا تەرىپىدىن ئىدارە قىلىنماقتا. ئاپتوۋۇزغا چىققانلار بىرمۇ - بىر ئاختۇرۇلماقتا. ھەر بىر ئۇيغۇر گۇمان ۋە تەشۋىش بىلەن نازارەت قىلىنماقتا. بولۇپمۇ ئاپتوۋۇزغا چىققان ئۇيغۇر ئاياللار سومكىلىرى ئاختۇرۇلغاندىن كېيىن ئاچچىقىدا ئەسكەرلەرگە: « مېنىڭ سومكامدا پارتلىتىش بومبىسى يوق » دەپ ۋارقىراپ تەنە قىلىشقا مەجبۇر بولماقتا.




STOPPA
ASSIMILERINGS
POLITIKEN



# DOĞU TÜRKİSTAN'IN SESİ

صوت تركستان الشرقية

Voice of Eastern Turkistan




DOĞU TÜRKİSTAN VAKFI YAYINI
3 AYLIK İLMÎ VE KÜLTÜREL
DERGİ

YIL : 13 SAYI : 51-52